مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرس ئۆلچىمى تەجرىبە دەرسلىكى

# تىل ـ ئەدەبىيات

6 ـ يىللىقلار ئۈچۈن 2 ـ قىسىم

~~1816043~~ 18160395643



شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

编　　者：瓦依提江·吾
卡德尔·阿
玛依拜达尔·买
吾买尔江·托
热米拉·吐
复　　审：瓦依提江·吾
责任编辑：牙里坤·肉孜
责任校对：谢尔娜依·阿

义务教育课程标准实验教科书

# 语　文

（六年级　下册）

经新疆维吾尔自治区中小学教材审定委员会 2008 年审查通过

(维吾尔文)

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
http://www.xjjycbs.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
مايتاغ تيەنلىرىن باسما چەكلىك شىركىتى باستى
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى كومپيۇتېر مەركىزى تىزدى

*

فورماتى: 1240 × 890، 1/32؛ باسما تاۋىقى: 7
2008 - يىلى 10 - ئاي 1 - نەشرى
2014 - يىلى 10 - ئاي 7 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 5370 - 7070 - 6

باھاسى: 8.65 يۈەن

نەشر ھوقۇقى بىزدە، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ.
بېسىش - تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 187 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830049؛ تېلېفون نومۇرى: 2870654 ,2863761(0991)

## مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرس ئۆلچىمى تەجرىبە دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش ـ تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتى


ھەيئەت مۇدىرى: تۇرسۇن ئىبراھىم

مۇئاۋىن مۇدىر: ئالىمجان مەمتىمىن

ھەيئەت ئەزالىرى:
شيا پىن، ما ۋېنخۇا
تاھىر ناسىر، جاۋ شىڭجۇن
ئەركىن مۇھەممەت، ئەنۋەر ئوسمان
تۇنىياز ئىلياس، نۇرباقىت قادىر
ئابدۇللا غوپۇر، بەدەل قۇرمانقان



تۈزگۈچىلەر:
ۋاھىتجان ئوسمان
قادىر ئارسلان
ماھىبەدەر مەھمۇت
ئۆمەرجان توختى
رامىلە تۇرسۇن

مۇھەررىرى: ۋاھىتجان ئوسمان
مەسئۇل مۇھەررىرى: يالقۇن روزى
مەسئۇل كوررېكتورى: شېرىنئاي ئابدۇرېھىم
رەسسام: ئابدۇراخمان ئابلىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# نەشرىياتتىن

بۇ «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بېكىتكەن مەجبۇرىيەت مائارىپى «تىل - ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى» گە ئاساسەن تۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى بۇ دەرسلىكنى بىرلىكتە تۈزدى. بۇ دەرسلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى.

بۇ دەرسلىكنى تۈزۈشتە، دۆلەتنىڭ دەرس ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل ئۇچۇر مەنبەلىرى ۋە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىش ھەمدە پەنلەرنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى مۇۋاپىق گەۋدىلەندۈرۈش كۆزدە تۇتۇلدى؛ بىلىم ۋە قابىلىيەت، جەريان ۋە ئۇسۇل، ھېسسىيات، پوزىتسىيە ۋە قىممەت قارىشىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن تەربىيىلەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، مەزمۇن جەھەتتە قوللىنىشچان بولۇشقا ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىندى؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئۆگىنىش، ھەمكارلىشىپ ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىپ ئۆگىنىش جەريانىغا باشتىن - ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈنۈپ، ھەربىر ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆگىنىش تەلىپىنى قاندۇرۇشقا، دەرس ئىسلاھاتى ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى.

بۇ دەرسلىكنى تۈزۈش جەريانىدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پېداگوگىكا مەكتىپى، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق ئوقۇتۇش تەتقىقات

ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار مول تەجرىبىگە ئىگە تەتقىقاتچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى ئەۋەتىپ، دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىمىزنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. دەرسلىكنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن تۇرنان قاسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدىن ھامۇت ياسىن، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئابدۇقەييۇم توختىھاجى، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدىن ئايگۈل ئىمىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 40 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئايسۇلتان قۇربان، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 16 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن رەيھانگۈل ھاشىم، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 47- باشلانغۇچ مەكتەپتىن مەلىكە توختى قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى. بىز بۇ دەرسلىكنىڭ نەشر قىلىنىشىغا قىزغىن ياردەمدە بولغان ئورۇنلارغا، ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈرگەن ۋە قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلەرنى بەرگەن ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز!

بۇ دەرسلىك مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە دەرس ئىسلاھاتى تەجرىبە رايونلىرىدىكى مەكتەپلەر 6 - يىللىقلىرىنىڭ 2 - ئوقۇش مەۋسۇمىدا ئىشلىتىلىدۇ. كېيىنكى نەشرىدە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا بايقىغان مەسىلىلەرنى نەشرىياتىمىزغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ، قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2008 - يىل ئۆكتەبىر

# مۇندەرىجە

بىرىنچى بۆلەك

## تۇرمۇش ئىلھاملىرى


1. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىن ئۆگۈت ـ نەسىھەت ... 2
2. يىرتىلغان كالپىندار ............................ 4
3. بوۋامنىڭ يۇلغۇنلۇقى ............................ 8
*4. بالا دارۋاز ............................ 13
*5. بەش بارماق ............................ 19
ئۇيغۇر تىلى مۇنبىرى ............................ 23
مەشىق باغچىسى ............................ 26


ئىككىنچى بۆلەك

## رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلەر


6. نورۇز بايرىمى ............................ 33
*7. تاجىكلار ۋە بۇركۇت ............................ 41
8. قازاقلارنىڭ ئاقىنلار ئېيتىشىشى ............................ 46
*9. ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا ـ ئارامى ............................ 52
ئۇيغۇر تىلى مۇنبىرى ............................ 58
مەشىق باغچىسى ............................ 61

ئۈچىنچى بۆلەك

## قۇتلۇق ئىزلار


10. 16 يىل ئاۋۋالقى ئەسلىمە ........................ 67
*11. پۇقرانىڭ كۆڭلى ................................ 75
12. خەلقنىڭ غەمگۇزارى .............................. 80
*13. بىر كىچىكنىڭ خىزمەت ........................... 84
ئۇيغۇر تىلى مۇنبىرى ................................ 88
مەشىق باغچىسى ...................................... 92


تۆتىنچى بۆلەك

## دۇنيا ئەدەبىياتى خەزىنىسى


14. بېلىقچى بوۋاي بىلەن ئالتۇن بېلىق ھەققىدە
چۆچەك .............................................. 96
15. ۋانكا ............................................. 107
*16. دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كرۇزو ............. 115
*17. چىن تۆمۈر باتۇر ............................... 127
ئۇيغۇر تىلى مۇنبىرى ................................ 134
مەشىق باغچىسى ...................................... 137


بەشىنچى بۆلەك

## ئالىملارنىڭ ئىلمىي روھى


18. ئەسىردىن ھالقىغان گۈزەللىك ..................... 143
*19. ئەمەلگە ئاشقان مىڭ يىللىق ئارزۇ ............... 150

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

20. ھەقىقەت 100 سوئال بەلگىسىدىن كېيىن دۇنياغا
كېلىدۇ ........................................ 157
*21. مېنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇستازىم ........................ 163
ئۇيغۇر تىلى مۇنبىرى .................................. 167
مەشىق باغچىسى ....................................... 174

ئالتىنچى بۆلەك

## ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش: ئۇنتۇلماس باشلانغۇچ مەكتەپ ھاياتى

ئۆسۈپ يېتىلىش ئىزنالىرى ............................ 179
ئايرىلىش مىنۇتلىرى ................................... 198

سۆزلەرگە ئىزاھات .................................... 211

# تۇرمۇش ئىلھاملىرى

بىر تامچە شەبنەم قۇياشنىڭ نۇرلۇقلۇقىنى كۆرسىتەلەيدۇ، بىر تال يېشىل يوپۇرماق زېمىننىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلالايدۇ ... ئادەتتىكى كىچىك ئىشلارمۇ دائىم كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلارغا ئىلھام بېرەلەيدۇ. بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئوقۇپ، ئاپتورلارنىڭ تۇرمۇشتىن قانداق تەسىرات ۋە ئىلھامغا ئېرىشكەنلىككە قاراپ باقايلى.

بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئۆگىنىشتە، مۇھىم جۈملە ۋە ئابزاسلارنى تۇتقا قىلىپ، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا تېكىستلەرگە يوشۇرۇنغان ھېكمەتلەرنى ھېس قىلىۋالايلى؛ تېكىست ئاساسىي مەزمۇنىنى ئىگىلەش ئاساسىدا، ئاپتورلارنىڭ ئۆز تەسىراتىنى ئىپادىلەشتىكى ئوخشاشمايدىغان ئۇسۇللىرىنى چۈشىنىۋالايلى، شۇنداقلا يېزىقچىلىق مەشىقىمىزدە ئىشلىتىپ سىناپ باقايلى.

ساۋاقداشلار، بىرنەچچە يىللىق ئۆگىنىش ئارقىلىق بەلگىلىك ئۆگىنىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولدۇڭلار. بۇ مەۋسۇملۇق تىل - ئەدەبىيات ئۆگىنىشى جەريانىدا ئۆزۈڭلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا كۆپرەك تايىنىپ، تېكىستلەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ھەم يېزىقچىلىق مەشقى قىلىپ، تىل - ئەدەبىيات قابىلىيىتىڭلارنى ئومۇمىي جەھەتتىن يەنىمۇ بىر بالداق ئۆستۈرۈشكە تىرىشىڭلار.

www.uyghurkitap.com



## 1 «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىن ئۆگۈت ـ نەسىھەت

ئەسلىسى:

ئالغىل ئۆگۈت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە،
بويدا ئۇلۇغ بىلگە بولۇپ بىلكىڭ ئۇلە.

ئەردەم تىلە ئۆگرەنىپەن بولسا كۈۋەز،
ئەردەمسىزىن ئۆگۈنسە ئەڭمەگۈزە ئەڭەر.

ئوغلۇم ساڭا قوزۇرمەن ئەردەم ئۆگۈت خۇمارۇ،
بىلگە ئەرىگ بولۇپ سەن باقىل ئانىڭ تابارۇ.

① مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

يەشمىسى:

ئەي ئوغلۇم، مەندىن ئۆگۈت ـ نەسىھەت ئال، پەزىلەت تىلە، ئەدەپلىك ۋە تەرتىپلىك بولۇشقا تىرىش، تاكى ئەل ئىچىدە ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، ئەدەپ ۋە ئىلىم ـ ھېكمەت تارات.

ئىلىم ـ ھېكمەت ئىستە، ئۆگىنىشتىن چېكىنمە، غادايما، بىرەر نەرسىنى ئۆگەنمەيلا ئۆزىنى بىلىمدان كۆرسىتىپ ماختىنىدىغان كىشى سىناقتا ھودۇقۇپ قالىدۇ.

ئوغلۇم، ساڭا ئەدەپ ـ ئەخلاقنى مىراس قىلىپ قالدۇرىمەن؛ ئىلىملىك، ئەقىللىق ئادەملەرنى ئىزدەپ ئۇلارغا يېقىنلاش، ئۇلاردىن پايدىلان.



1 تېكىستنىڭ ئەسلىسى بىلەن يەشمىسىنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇيلى. يەشمىسىنى يادلىۋالايلى.

2 تېكىست مەزمۇنىنى ئۆز تىلىمىزغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ باقايلى.

3 تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، بۇ ئۆگۈت ـ نەسىھەتلەردىن قانداق ھېكمەتنى ھېس قىلىۋالغانلىقىمىز توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇپ باقايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 2 يىرتىلغان كالېندار

ئەجەب ئىش، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئويلىسام، ئۆزۈمنى مىڭ ياشقا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن. مەن كۆرگەن قېرى - چۆرىلەر نۆۋەت بىلەن كېتىپ قېلىشتى. ئەركىلەپ سەكرەپ - تاقلاپ يۈرگەن بالىلىقىم ئاخىرلاشتى. تامدىكى ئەينەككە قاراپ خىيالغا كەتتىم. كۆزلىرىم مۆلايىملىشىپ ئويچان چاقناۋاتىدۇ. يۈزۈم ئاقىرىپ، كىرپىكلىرىم ئۇزىراپ، قاشلىرىم قارىيىپ قاپتۇ. بۇلارغا نېمىشقا دىققەت قىلمىغاندىمەن؟ بۇلارنى ئويلاۋاتقان چاغدا، ئەينەك بىلەن پاراللېل تۇرغان كالېندارغا كۆزۈم چۈشتى. شۇنداقمۇ توغرا كېلىپ قالىدىكەن - ھە؟ بۈگۈن يېڭى يىلنىڭ ھارپىسى ئىدى، ئالدىمدا تۇرغىنى كونا كالېندارنىڭ ئاخىرقى بىر ۋارىقى ئىدى. يىرتىلغان ۋاراقلار قېنى؟ ئۇلارنى ئىزدىگۈم كەلدى. ئۇلار ھاياتىمنىڭ تىنىمسىز ئۆتكەن دەقىقىلىرىدە چاقناپ تۇراتتى. ئۇلار چېچەكلەرنىڭ بەرگىلىرىگە ئوخشاش توزۇپ، ھاياتىمدا ئۆزىنىڭ چىرايلىق، تاتلىق مېۋىلىرىنى قالدۇرغان. ئۇلار يامغۇر تامچىلىرىدەك تۆكۈلۈپ، ۋۇجۇدۇمنى پاكلاپ، ئەقلىمگە ئەقىل قوشقان. ئۇلار شامالدەك ئۇچۇپ، تەسەۋۋۇرۇمدا يېڭى ئۈمىد - ئىستەكلەرنى ئويغاتقان. ئۇلار بۇلاقلارنىڭ ئېقىنلىرىغا قوشۇلۇپ شىرىلداپ ھاياتنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلدۇرغان. ئۇلار بەزىدە

---

① بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى رەشىدەم سېيىت.

جازىبىلىك لىرىكىغا ئايلىنىپ، ئىجادىيەت خاتىرەمدە ئاجايىپ گۈزەل مىسرالارنى قالدۇرغان. ئۇلار بەزىدە ھەتتا مۆڭلۈق كۆز ياشلىرىم بىلەن خاتا باسقان قەدەملىرىمنىڭ يادنامىسى بولۇپ، ماڭا كۆز ئالدىمدىكى مۇساپىنىڭ مۇشەققەتلىك جەريانلىرىنى بىلدۈرگەن. ئۇلار بەزىدە خىياللىرىمدەك قەلبىمدە پەرۋاز قىلىپ، مېنى گۈزەل ئەسلىمىلەرگە، كېلىش ئالدىدا تۇرغان بەختلىك كەلگۈسى قوينىغا غەرق قىلغاندى.

مەن يېڭى يىل ھارپىسىدا كونا يىل كالېندارىنىڭ ئاخىرقى بىر بېتىگە قاراۋاتىمەن. ئۇنىڭدا لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان تۇنجى قارنىڭ سىيماسى چاقناپ تۇراتتى. سىرتتا قار ياغماقتا. ئاسمان بىلەن زېمىنغا قوشۇلۇپ، پۈتكۈل كائىنات قار ئۇچقۇنلىرىغا پۈركەنگەن. گىرىمسەن چاقنىغان گۈزەل ھايات پاكلىق ئىچىدە يەنە بىر يىلنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇراتتى. مەن ھايات مۇساپەمدىن ئۆزۈمنىڭ پەخىرلەنگۈدەك ئىزلىرىمنى كۆرمەكتىمەن. ئۇ ئىزلار ئاپئاق قار ئىچىدە غۇبارسىز چاقناۋاتىدۇ، يىراقتىن مېنى چاقىرىۋاتىدۇ، خۇددى گۈلگە، قۇياشقا، ئايغا، دېڭىزغا ئايلىنىپ ماڭا قول سۇنۇۋاتىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ قولىنى تۇتۇپ يېڭى بىر يىلنىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىۋاتىمەن.



www.uyghurkitap.com

قارلىق دالا گۈگۈم قوينىغا غەرق بولدى. سىرلىق جىمـ-جىتلىق قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ شىۋىرلاشلىرىغا قۇلاق سالـ-ماقتا. ئۇنىڭ ئاۋازى زېمىننىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ چاقناشلىرى يىرتىلغان كالېندارنىڭ خىيالىمدىكى سۈرىـ-تىگە ئوخشايتتى. ھايات ۋاقىتتىن ئىبارەت ئۆلچىمى بولـ-غانلىقى ئۈچۈن قەدىرلىك ھەم گۈزەل بولىدىكەن. ئانا تەبىـ-ئەت ئۆز قولى بىلەن بۇلارنى ياساپ قالدۇرغان. ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىمىز ھاياتلىقنىڭ ئۈمىد، ئارزۇ - ئارمانلىـ-رىغا ئوخشاش ئاشۇ يىرتىلغان كالېندار ۋاراقلىرىغا ئوخـ-شاش زېمىن باغرىغا سىڭىپ كېتىمىز.

كونا يىلنىڭ كالېندارى ئەينەك بىلەن پاراللېل تۇرماقـ-تا. ئويلاپ باقسام، مەن ئۇنىڭ بەتلىرىگە ئۆزۈم پەخىرلىنەـ-گۈدەك ئەسلىمىلەرنى يېزىپ ماڭالاپتىمەن. بىراق، قەلبىمـ-نى ئازابلايدىغان پۇشايمانلىق كۆڭلەرمۇ يوق ئەمەس. بۇ دۇنـ-يادا ھەممە نەرسىنىڭ نىسبىيلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇ چاغدا، كالېندارنىڭ ئاخىرقى ۋارىقىنى يىرتىـ-ۋېلىپ، دېرىزىدىن ئاپئاق قار ئۈستىگە تاشلىدىم. ئالدىرىـ-ماي چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى ئۇنى كۆمۈشكە باشلىدى.



1 تېكىستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇيلى. تېكىستتە ئاساسلىق نېمە يېزىلغانلىقىنى ئويلاپ باقايلى.

2 مەنىسى چوڭقۇر ياكى ئۆزىمىز ياقتۇرغان جۈملىلەرنى تېپىپ چىقايلى. مەسىلەن: «كالېندارنىڭ ئاخىرقى ۋارىقىنى يىرتىۋېلىپ،

دېرىزىدىن ئاپئاق قار ئۇستىگە تاشلىدىم. ئالدىرىماي چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى ئۇنى كۆمۈشكە باشلىدى». تاپقان جۈملىلەرنى تۇر-مۇش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، چۈشەنچىمىز ۋە تەسىراتىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقايلى.

3 ئاپتور ۋاقىتنىڭ، ئۆمۈرنىڭ تۈيدۈرماي ئۆتىدىغانلىقىنى قانداق كونكرېت تەسۋىرلەپ بەرگەن؟ تېكىستنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىغا تەقلىد قىلىپ بىرنەچچە جۈملە يېزىپ باقايلى.

4 تېكىستنىڭ ئۆزىمىز ياقتۇرغان قىسمىنى يادلىۋالايلى ۋە كۆچۈرۈۋالايلى.



**ئوقۇپ باقاي**

ۋاقىت ئالدىراڭغۇ ساقلاپ تۇرمايدۇ ،
يىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى.
ئاققان سۇلار، ئاتقان تاڭلار قايتىلانمايدۇ،
يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى.

— لۇتپۇللا مۇتەللىپ

# 3 بوۋامنىڭ يۇلغۇنلۇقى

بوۋاملارنىڭ مەھەللىسىنىڭ نېرىراقىدىكى شورلۇقتا بىر يۇلغۇنلۇق بار. ياز كۈنلىرى يىراقتىن قارىسىڭىز، قىزىلغا مايىل سۇس سۆسۈن رەڭلىك يۇلغۇن چېچەكلىرى ئوتقاشتەك چاقناپ، شورلۇقنى ئاجايىپ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزۈۋېتىدۇ. يېشىل سېپىلدەك ئۆزۈنغا سوزۇلغان يۇلغۇنلۇق شورلۇقنىڭ نېرىسىدىكى قۇملۇققا ھەيۋە قىلغاندەك مەغرۇر سەپ تارتىپ تۇرىدۇ. بۇ يۇلغۇنلۇقنى بوۋام ئۆز قولى بىلەن ئەھيا قىلغان.

يۇلغۇن يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال، ئۇنىڭ كونا شاخلىرى قىزىل رەڭدە، يوپۇرمىقى تەڭگە شەكىللىك، گۈلى سۇس قىزىل، مېۋىسى غوزىلىق بولىدۇ. يۇرتىمىزدا يول-



① بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەخمەتجان قۇربان سابىرى.

غۇننىڭ توققۇز خىل تۈرى بولۇپ، شور ۋە قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق كېلىدۇ، قۇمنى تىزگىنلەش ئۈنۈمى يۇقىرى.

مەن ھەر قېتىم بوۋامنىڭكىگە بارغاندا، ئۇنىڭ يۇلغۇن-لۇقىنىڭ ئۇ تەرەپتىكى شورلۇقتا تۇتاشقان قۇملۇققا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. بۈگۈن تۇنجى قېتىم بوۋام بى-لەن بىللە قۇملۇققا باردىم.

چېتىگە كۆز يەتمەس قۇملۇق، قۇملۇقتىكى گۈمبەزدەك كۆرۈنىدىغان بارخانلار تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. بۇ يەر-دىمۇ يۇلغۇن كۆپ بولۇپ، بۇ يۇلغۇنلار سۆسۈن رەڭلىك چېچەكلىرى ۋە تەڭگە شەكىللىك يېشىل يوپۇرماقلىرى بى-لەن قۇملۇققا بوستانلىق تۈسىنى بېرىپ تۇراتتى.

— كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى بوۋام ئوڭ تەرەپتىكى يۇلغۇن-لۇقنى كۆرسىتىپ، — ئېسىمنى بىلسەم بار ئىكەن،



www.uyghurkitap.com

دادامۇ، بوۋامۇ شۇنداق دېگەنىدى. ئۇ مۇشۇ قۇملۇقتا ئۆزى پەيدا بولغان قەدىمىي يۇلغۇنلۇق دېگىنە.

مېنىڭ بۇ كونا يۇلغۇنلۇقنىڭ يېشىنى پەرەز قىلىپ باققۇم كەلدى، بىراق پەرەز قىلالمىدىم.

— ئاۋۇ يۇلغۇنلۇقچۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن مەھەللە تەرەپتىكى يەنە بىر پارچە يۇلغۇنلۇقنى كۆرسىتىپ.

— ئۇنى مەن مەھەللىدىكىلەر بىلەن بىللە بەرپا قىلغان، — دېدى بوۋام يۇلغۇنلۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋېتىپ، — ئۇمۇ بارغانسېرى كېڭىيىۋاتىدۇ. يۇلغۇن قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئېتىز - ئېرىقلارنى قۇم، بوراندىن ساقلايدۇ.

بوۋام چوڭ - چوڭ كونا يۇلغۇنلارنىڭ تۈۋىدىن ئۈنۈپ چىققان ئۇششاق يۇلغۇنلارنى دائىم بېلىگە قىستۇرۇۋالىدىغان ئوتىغۇچى بىلەن ئاۋايلاپ كولاپ ئېلىشقا باشلىدى. مەنمۇ بۇ ئىشقا قىزىقىپ بوۋام كولىۋالغان كۆچەتلەرنى بىر يەرگە يىغىشقا باشلىدىم.

بىز بىر سائەتتىن ئوشۇق ھەپىلىشىپ، خېلى جىق يۇلغۇن كۆچىتى يىغدۇق، ئاندىن بوۋامنىڭ ھېلىقى يۇلغۇنلۇقىغا قايتىپ كېلىپ، يۇلغۇن كۆچەتلىرىنى تىكتۇق. بۇ ئىشلار ماڭا بەك كۆڭۈللۈك بىلىنگەچكە، ئازراقمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلمىدىم.

ئىككىمىز قىردا ئولتۇرۇپ ئۇسسۇلۇق ئىچىۋاتقاندا، بوۋامغا:

— بىز ئۇسساپ كەتكەندەك، بۇ يۇلغۇن كۆچەتلىرىمۇ

ئۇسساپ كەتكەندۇ. بۇ يەردە ئېرىق ـ ئۆستەڭ بولمىغاندى-
كىن، ھويلىدىكى قۇدۇقتىن چۆگۈندە سۇ ئەكىلىپ سۇغى-
رىپ قويايلىمۇ؟ — دېدىم.

بوۋام كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن ئەستايىدىل قىياپەتتە
مۇنداق دېدى:

— بالام، بۇنىڭدىن غەم يېمە! يۇلغۇن باغدىكى مېۋىلىك
دەرەخ ياكى تەشتەكتىكى گۈلگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ قۇملۇق،
چۆل ـ باياۋاندا ياشاشقا ماسلاشقان، تۇپراقتىكى ئازغىنە
نەملىكنىمۇ سۈمۈرۈۋېلىپ ياشناۋېرىدۇ. ئايدا، يىلدا بىرەر
قېتىم يېغىپ قالىدىغان يامغۇرمۇ ئۇنىڭ ئۇزاققىچە ياشى-
رىپ تۇرۇشىغا يېتىدۇ.

بوۋامنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا، مۇئەللىمنىڭ:
«ئادەمدە جۇدۇن ـ چاپقۇن، قۇم ـ بورانلارغا يۇلغۇندەك
بەرداشلىق بېرەلەيدىغان روھ بولۇشى كېرەك. شۇنداق بول-
غاندىلا، قەيسەرلىك بىلەن ياشاپ باشقىلارغا نەپ يەتكۈزگى-
لى بولىدۇ» دېگەن سۆزلىرى ئېسىمگە كەلدى. مەن ئۇتقاش-
تەك قىزىرىپ تۇرغان يۇلغۇنلۇققا زوق ۋە ھۆرمەت نەزىرىم
بىلەن باقتىم.



1 تېكىستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇيلى. بوۋىسىنىڭ قايسى تەرەپ-
لىرى «مەن» دە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىنى، بوۋىسىنىڭ نېمە
ئۈچۈن يۇلغۇنلارغا مېھرىنى بېرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ
باقايلى.

2 تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، تىرناق ئىچىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرەيلى.

1) ــ بالام بۇنىڭدىن غەم يېمە! يۇلغۇن باغدىكى مېۋىلىك دەرەخ ياكى تەشتەكتىكى گۈلگە ئوخشىمايدۇ. (نېمە ئۈچۈن مېۋىلىك دەرەخ ياكى تەشتەكتىكى گۈلگە ئوخشىمايدۇ ؟ بىز يۇلغۇننىڭ قايسى ئالاھىدىلىكىدىن ئۆگەنسەك بولىدىكەن ؟)

2) «ئادەمدە جۇدۇن ـ چاپقۇن، قۇم ـ بورانلارغا يۇلغۇندەك بەرداشلىق بېرەلەيدىغان روھ بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، قەيسەرلىك بىلەن ياشاپ باشقىلارغا نەپ يەتكۈزگىلى بولىدۇ» («نەپ يەتكۈزۈش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپ باقايلى.)

3 ئۆزىمىزگە ئىلھام بەرگەن جۈملىلەرنى كۆچۈرۈۋالايلى.

«بوۋامنىڭ يۇلغۇنلۇقى» دېگەن تېكىستتە ئادەملەردە يۇلغۇنغا ئوخشاش روھ بولۇش، كىشىلەرگە نەپ يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت تۇرمۇش ھېكمىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تۆۋەندىكى تېكىستتە ئاپتورنىڭ بىر مەيدان دارۋازلىق ئويۇنىدىن ئالغان تەسىراتى بايان قىلىنغان. تېكىستنى ئىچىمىزدە ئوقۇپ، ئاپتورنىڭ قانداق بىر دارۋازلىق ئويۇنىنى كۆرگەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ باقايلى ھەم تېكىستتىكى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان جۈملىلەردىن نېمىلەرنى ھېس قىلغانلىقىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقايلى.

## 4* بالا دارۋاز

8 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئۈرۈمچىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق سېرك ئۆمىكىدە ئىشلەيدىغان تاغام ماڭا: «ئەتە چۈشتىن بۇرۇن ھېيتگاھ مەيدانىدا دارۋازلىق ئويۇنى كۆرسىتىلىدۇ. دارۋازلىقنى بەك كۆرگۈڭ بار ئىدىغۇ، ئەتە بېرىپ قانغۇچە كۆرۈۋال» دېدى. مەن خۇشاللىقىمدا چاۋاك چېلىۋەتتىم. چۈنكى، بىزنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان دارۋازلىقنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقىنىمغا ئۇزاق بولغانىدى.

ئەتىسى سەھەردىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ھېيتگاھ مەيدانىغا بېرىش تەييارلىقىنى قىلدىم.

بەكلا بالدۇر بېرىۋاپتىمەن، ئويۇن باشلىنىشقا خېلى ۋاقىت بار ئىدى. لېكىن، ئەتىگەندىلا كېلىۋالغان مەنلا ئەمەس ئىكەنمەن، تاماشىبىنلارغا ھازىرلانغان ئورۇندا خېلى

① بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى مىجىت ساۋۇت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆپ كىشىلەر بار ئىدى. دار ناھايىتى ئېگىز باغلانغانىدى. دار ئارغامچىسىنىڭ بىر ئۇچى يەرگە قېقىلغان قوزۇققا، يەنە بىر ئۇچى ئىككى بۆلەك ئاچىدىن ئۆتۈپ، 30 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئوق تۈۋرۈككە باغلانغانىدى. دار ئارغامچىسى ئۇزۇن بولغاچقا، بىرقانچە ئورۇندىن ئىككى تەرەپكە تارتىلىپ، يەردىكى قوزۇققا باغلاپ مۇقىملاشتۇرۇلغانىدى. مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ھالەتتە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ باقتىم، بىراق شۇ ھامان ۋۇجۇدۇمنى تىترەك باستى. ئەجەبا دارۋازلار شۇنچە ئېگىزگە چىقسا، قورقمامدىغاندۇ؟

بىرەر سائەت ئۆتە - ئۆتمەي، ھېيتگاھ مەيدانى يىراق - يېقىندىن كەلگەن تاماشىبىنلارغا لىق تولدى. ھېيتگاھ مەيدانىدىكى پەشتاقلارغىمۇ ئادەملەر ئورۇنلاشقانىدى. ھەممەيلەننىڭ چىرايىدىن تەقەززالىق ئالامىتى بىلىنىپ تۇراتتى.

بىر چاغدا، رىياسەتچى ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— مەملىكەتلىك سىرك مۇسابىقىسى غەربىي شىمال تاللاش مۇسابىقىسىنىڭ باشلانغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن كۆرسىتىلىدىغان دار ئويۇنىمىزنى ھازىر باشلايمىز! قېنى، سازەندىلىرىمىز ناغرا - سۇنايلىرىنى ياڭراتسۇن! — دەپ ئېلان قىلدى. شۇ ھامان شوخ مۇقام ئاھاڭى ياڭراشقا باشلىدى، تاماشىبىنلار گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتقىنىچە دار ئۈستىدىكى تاختىپەرگە تىكىلدى. تاختىپەر ئۈستىدە پۇتىغا پايپاق كىيگەن، ئۇچىسىغا كەشتىلەنگەن گۈللۈك پۇچ-

قاقلىق، زەر تۇتۇلغان شىم، ئـالـما ئۇرۇقـى رەڭلىك دوخـاۋا كالتە چاپان كـيگەن، بەلۋاغ تاقـۋالغان 14 ياش چامـىسىدى- كى بىر بالا قول پۇلاڭلىتىپ تاماشىبىنلارغا سالام بـەردى. پەستە يەنە بىر قېتىم ئالقىش ياڭرىدى. بالا دارۋاز ياپىلاق ياغاچتىن ياسالغان 6 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تەڭشەكنى كـۆ- تۈرگەن، بېشىغا ساماۋارنى قويۇۋالغان هالدا سالماق قـەدەم تاشلاپ يۇقىرىغا ئۆرلەشكە باشلىدى. ساماۋار تـۇرخۇنىدىن پۇرقىراپ ئىس چىقىۋاتاتتى.

بالا دارۋاز دارنىڭ ئىككىنچى ئاچىسىغا چىققاندا، تـەڭ- شەكنى تىزىغا قويۇپ تۇرۇپ، قولىنى پۇلاڭلىتىپ تاماشى- بىنلارغا يەنە بىر قېتىم سالام بەردى. تاماشىبىنلار ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپ ئالقىش ياغدۇردى.

بالا دارۋاز ئاچىدا ئولتۇرۇپ ساماۋارنى قولىغا ئالـدى ـ دە، يەردىكى ياردەمچىسىنىڭ ياردىمىدە ساماۋار قۇلىقىنى دار ئاچىسىدىكى هالقىغا باغلانغان ئىنچىكە ئارغامچىغا باغ- لىدى، ئاندىن ساماۋارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىپ، دار ئۈستىدە هەرىكەت قىلىشقا تەييارلاندى.

بالا دارۋاز ئولتۇرغان ئاچا تۆت قەۋەتلىك بىنانىڭ ئې- گىزلىكىدە ئىدى. ئۇ قولىغا تەڭشەكنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە دار ئارغامچىسىنىڭ 5 مېتىرچە ئارىلىقىدا يېنىك قەدەم ئېلىپ ئالدى ـ كەينىگە ماڭدى. ئۇ هېچقانداق بىخە- تەرلىك تەدبىرى يوق هالدا دار ئۈستىدە بىمالال هەرىكەت قىلىپ، بىردەم بىر پۇتلاپ يۇقىرىغا تېپەتتى، بىردەم پۇتى- نى كېرىپ ئارغامچىدا ئولتۇراتتى. بىر چاغدا ئۇ ئىككى پۇ-

www.uyghurkitap.com

تىغا قاڭالتىردىن ياسالغان ئىككى تەخسىنى تاڭدى ۋە بىر
قىزىل لاتىنى تاماشىبىنلارغا بىر قۇر كۆرسەتكەندىن كې-
يىن، كۆزىنى تېڭىپ قەدىمىنى ئاستا - ئاستا يۆتكەشكە
باشلىدى. مەن ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئەتراپىمغا قارىدىم. پەش-
تاقتىكى بىر ئايال قولىدىكى يەلپۈگۈچ بىلەن كۆزىنى تو-
سۇۋاپتۇ. بەزىلىرى قولى بىلەن توسۇۋاپتۇ، بەزىلىرىنىڭ
قوللىرى بىر - بىرىگە چىڭ كىرىشىپ كېتىپتۇ، يەنە بە-
زىلىرى ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە دارۋازغا قاراپ قېتىپلا
قاپتۇ. دېمىسىمۇ، دارۋاز ئورۇنداۋاتقان خەتەرلىك ھەرىكەت
ھەممەيلەننى ئەندىشە ۋە ساراسىمىگە سېلىۋەتكەنىدى.

بالا دارۋاز كۆزى تېڭىق پېتى پۇتلىرىنى ئاستا يۆتكەپ
كېتىۋاتاتتى، توساتتىن پۇتى سىيرىلدى - دە، ئۇ ئارغام-



چىغا مىنىپلا قالدى. مەيداندا ئەنسىز چۇقان كۆتۈرۈلدى. بەزى تاماشىبىنلار كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئولتۇرۇپلا قالدى، بەزىلىرى قاتتىق قورقۇپ كەتكىنىدىن يېنىدىكى ناتونۇش كىشىنى قۇچاقلىۋالدى. مەنمۇ نېمە قىلىشىمنى بىلمەي، بالا دارۋازغا قارىغىنىمچە قېتىپ قالغانىدىم.

بالا دارۋاز كۆزىنى تاڭغان قىزىل لاتىنى تەمكىنلىك بىلەن ئېلىۋېتىپ، «هايت!» دېگىنىچە هېچ ئىش بولمىغاندەك قولىنى پۇلاڭلىتىپ تاماشىبىنلارغا سالام بەردى. ئەسلىدە بۇ هەرىكەت دارۋازلار دار ئۇستىدە ئەتەي ئوينايدىغان هەرىكەتلەرنىڭ بىرى ئىكەن. ئويۇن باشلىنىشىنىڭ ئالدىدا، رىياسەتچى: «قان بېسىمى يۇقىرىلار، يۈرەك كېسەللىرى بارلار، ئېغىر بوي ئاياللار، دىققەت قىلىڭلار!» دەپ ئاگاهلاندۇرغان بولسىمۇ، ئىختىيارسىز بەدەننى جۇغۇلدىتىدىغان بۇ هەرىكەتنى كۆرگەندە، بىز يەنىلا ۋەھىمىگە چۈشكەنىدۇق.

ئويۇن ئاخىرلاشقاندا، مەن تاغامنىڭ يېنىغا خوشلاشقىلى باردىم. چىرايىم تېخىچە ئەسلىگە كەلمىگەن بولسا كېرەك، تاغام يۈزۈمنى سىلاپ قويۇپ:

— تازا قورققان ئوخشايسەن ـ هە؟ — دېدى كۈلۈپ. مەن خىجىللىق بىلەن يەرگە قارىدىم.

— سەنلا ئەمەس، هەر قېتىم كۆرگەندە، دارنىڭ ئەتراپىدىلا يۈرىدىغان بىزنىڭمۇ يۈرىكىمىز ئاغىدۇ. بۇ دېگەن ھەقىقىي باتۇرلۇق ئويۇنى! سەن تېخى چىغرىق ئويۇننى كۆرمىدىڭ، ئۇ تېخىمۇ ئاجايىپ!

مېنىڭ ئاپتوبۇس بىلەن ئۆيگە قايتقۇم كەلمىدى. ئارىلىق

خېلى يىراق بولسىمۇ، پىيادە كېتىۋاتىمەن. بالا دارۋازنىڭ جەسۇرانە قىياپىتى ۋە خەتەرلىك ھەرىكەتلىرى ھېلىدىن ـ ھېلىغا كۆز ئالدىمدا پەيدا بولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ چەبدەس ـ لىكى ۋە خەتەردىن قورقمايدىغان باتۇرانە روھى مېنى قايىل قىلغانىدى. مەن ئىختىيارسىز ئۆز ـ ئۆزۈمگە: ھەقىقەتەن ئاجايىپ ـ ھە! مەن بىلەن تەڭدېمەت بالىكەن، كەلگۈسىدە باتۇرلۇقى ۋە ماھارىتى بىلەن ھەممىنى ئاڭ قالدۇرغۇدەك، دەپ ئويلىدىم.

ھەممىمىزنىڭ قولىدا بارماق بار. بىز ئۇلارنى دائىم كۆرۈپ تۇرى-مىز ھەم ئىشلىتىمىز. لېكىن نۇرغۇن كىشى بارماقلىرى ھەققىدە ئىنچىكە ئويلىنىپ باقمىغان بولسا كېرەك. بۇ تېكىستتە ئاپتور بار-ماقلارنى قىزىقارلىق ۋە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە قىلىپ يازغان. تې-كىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، ئاپتورنىڭ بەش بارماقنىڭ قانداق ئالا-ھىدىلىكىنى بايان قىلغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرەيلى، ئۆزىمىز ياقتۇرغان قىسمىنى تەكرار ئوقۇپ، بارماقلارنىڭ بىزگە قانداق ئىلھام ئاتا قىلغانلىقى ھەققىدە پاراڭلىشىپ باقايلى.

## 5* بەش بارماق

ھەممەيلەننىڭ جىسمىمىزدىن ھەر ۋاقىت ئايرىلمايدىغان ئون بارمىقىمىز بار. بىر قولدىكى بەش بارماقنىڭ شەكلى، خاراكتېرى ئوخشاشمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئارتۇقچى-لىقىمۇ، يېتەرسىزلىكىمۇ بار.

باش بارماق (باشمالتاق) نى شەكىل جەھەتتىن چىرايلىق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ بويى پاكار، بېشى چوڭ ھەم سېمىز، تۇزۇلۇشى ئاددىي، باشقا بارماقلارنىڭ ئىككى بوغۇ-مى بولسا، ئۇنىڭ بىرلا بوغۇمى بار. ئەمما ئۇ بارماقلار ئى-چىدە ھەممىدىن جاپاكەش. مەسىلەن، غېجەك چالغاندا، باش-قا تۆت بارماق تار (پەدە) نى بېسىپ تۇرىدۇ، باش بارماق سازنىڭ گەۋدىسىنى تۇتۇپ بېرىدۇ؛ بىرەر يەردىن سۇ ئېتى-لىپ چىقسا، كىشىلەر باش بارمىقى بىلەن توسىدۇ؛ قان چىقىپ كەتسىمۇ، باش بارمىقىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن بېسىپ

---

① بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى فېڭ زىكەي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرىدۇ؛ ئېغىرراق بىرەر نەرسە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالسا، يەنە شۇ باش بارماقنى ئىشقا سالىدۇ. ئەمما ياخشى ئىشلاردا ئۇنىڭغا نۆۋەت تەگمەيدۇ. مەسىلەن، بىرەر كىشىنى چاقىر-ماقچى بولغاندا، قالغان تۆت بارماق ئالدىغا چىقىۋېلىپ، باش بارماق بىر چەتكە قايرىپ قويۇلىدۇ. كىشىلەر بەدىنى قىد-چىشىپ كېتىپ، تاتلاتقۇزسىمۇ، قالغان تۆت بارماققا رەھ-مەت ئېيتىدۇ.

كۆرسەتكۈچ بارماق دائىم باش بارماق بىلەن ھەمكارلى-شىپ ئىشلەيدۇ، ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى باشقا ئۈچ بارماقتەك چىرايلىق ئەمەس. ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى باش بارماقنىڭ-كىدەك ئېغىر بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭكىدىن مۇرەككەپ. كىشىلەر قەلەم تۇتقاندا پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا تايىنىدۇ؛ خەتەر-لىك ئەھۋاللارغا يولۇققاندا، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن سىناپ باقىدۇ ياكى خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىدۇ؛ ئۇ پاسكىنا، زەھەرلىك، ئۆتكۈر نەرسىلەر بىلەن ھەممىدىن كۆپ ئۇچرى-شىدۇ؛ تىغ زەخمى، كۆيۈك زەخمى، بېسىلىپ زەخىملى-نىش، چىشلەپ جاراھەتلەندۇ-رۇش دېگەنگە ئوخشاش پېش-كەلچىلىكلەرگە ھەممىدىن كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىكى سەزگۈر-لۈك چوڭ بارماقتا يوق، تېلې-فون بېرىش، تەپكىنى بېسىش، چوت سوقۇش، بۇرمىنى چى-



ڭىتىش، تۆگمىنى ئېتىش ـ ئېچىش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرسەتكۈچ بارماق ئورۇندايدۇ، بۇ ئىشلارغا باش بارماق ياردەم بەرسىمۇ، لېكىن كۆرسەتكۈچ بارماق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

بەش بارماق ئىچىدە ئەڭ چىرايلىقى ئوتتۇرا بارماق. ئۇ بارماقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا گىدىيىپ تۇرىدۇ، ئىككى تەرىپىدە ھەمراھلىرى بار، ئۇنىڭ بويى ھەممىدىن ئېگىز، نامسىز بارماق بىلەن كۆرسەتكۈچ بارماق ئىككى ياندا ئۇنىڭغا چاپلاشقىنىچە قوغداپ تۇرىدۇ، ئۇ مەڭگۈ سىرتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدىكى ئەگرى ـ بۈگرى سىزىقلارمۇ ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. بىرەر ئىش قىلىش توغرا كەلگەندە، ئوتتۇرا بارماق ئىشتىراك قىلغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كۈچ چىقارمايدۇ. ئۇنىڭ بويى ھەممىدىن ئېگىز بولغاچقا، كىشىلەر بىرەر نەرسىنى ئالغاندا، ئالدى بىلەن ئوتتۇرا بارماق تېگىدۇ، شۇڭا قارىماققا نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېلىش ئوتتۇرا بارماقنىڭ تۆھپىسىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرگە تېگىپلا قويۇپ، كەينىگە چېكىنىپ باش بارماق بىلەن كۆرسەتكۈچ بارماقنىڭ كۈچ چىقىرىشىغا شارائىت يارىتىپ، ياندا تۇرۇپ ھە ـ ھۇ دېيىشىپلا بېرىدۇ.

نامسىز بارماق بىلەن چىمچىلاقنىڭ جۈغى كىچىك، تەقى ـ تۇرقى چىرايلىق، ئەمما ئىقتىدارى باشقا بارماقلارنىڭكىدىن تۆۋەن. نامسىز بارماق كۆپىنچە ھاللاردا ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتۈش، دورا تەگكۈزۈش، ئۈزۈك تاقاش دېگەندەك ئىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ. چىمچىلاقنىڭ رولى تېخىمۇ كى-

www.uyghurkitap.com

چىك، ئۇ قۇلاقنى، بۇرۇننى كولاش دېگەندەك ئىشلارنى قى-
لىدۇ. ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ ئەتىۋارلىنىدىغان چاغلىرىمۇ
بار، تارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چالغاندا، قالغان بارماقلار
بۇ ئىككى بارماقنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئۇسسۇل ئارتىس-
لىرىمۇ نامسىز بارمىقى ۋە چىمچىلىقى بىلەن نەپىس ئۇس-
سۇل ھەرىكەتلىرىنى ئورۇندايدۇ. مۇشۇلارنى ھېسابقا ئالمى-
غاندا، باشقا ئىشلاردا بۇ ئىككى بارماق باشقا بارماقلارنىڭ
ياردەمچىسىلا بولالايدۇ.

بەش بارماقنىڭ تەقى-تۇرقى ۋە خاراكتېرى ئوخشاش
بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قايسىبىرلىرى ئەتىۋارلىق،
قايسىبىرلىرى خار بولمايدۇ. بارماقلار خۇددى ئادەملەر تو-
پىدەك بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ مۇشتقا ئايلىنالىسا، ھەم-
مىسى كارغا يارايدۇ، ھەممىسى كۈچ-قۇۋۋەتكە تولىدۇ، بۇ
چاغلاردا ئۇلارنى كۈچلۈك-ئاجىز، چىرايلىق-سەت دەپ
ئايرىپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ.



## ئوقۇپ باقاي

ئالىقاننى ئاچساڭ
ئېچىلغان گۈلدۇر.
كىشى ئۆمرىگە
چېچىلغان نۇردۇر.

ئالىقاننى يۇمساڭ
دۈگىلەك مېۋىدۇر.
ئەمگەك ئەجرىنىڭ
جەۋھەر تۈپىدۇر.

## ئاددىي جۈملە

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئاخىرىغا مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭ ھەم ئۇلاردا قانداق ئوي - پىكىر ئىپادىلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

1) مەكتىپىمىزنىڭ يېڭى ئوقۇتۇش بىناسى نېمىدېگەن چىرايلىق سېلىنغان - ھە

2) مەكتىپىڭلاردا دېكلاماتسىيە مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلدىمۇ

3) ساۋاقداشلار، ھەممىمىز بىرلىكتە يەنە بىر غەيرەت قىلىشۇېتەيلى

4) بىزنىڭ گۇرۇپپىدىكىلەر شېئىر توپلىمى تۈزۈشكە تەييارلىنىۋاتىدۇ.

جۈملىلەر ئىپادىلىگەن مەزمۇنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن خەۋەر جۈملە، سوئال جۈملە، ئۈندەش جۈملە، بۇيرۇق جۈملە دەپ بۆلۈنۈشتىن باشقا، يەنە تىلىمىزدىكى جۈملىلەر ئىپادىلىگەن ئوي - پىكىرنىڭ ئاددىي - مۇرەككەپلىكى ۋە تەركىبىي تۈزۈلۈشىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئاددىي جۈملە ۋە مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلۈپ، مەزمۇن جەھەتتە تولۇق ئاياغلاشقان بىرلا ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن:

قوڭغۇراق چېلىندى.

www.uyghurkitap.com

ھەممىمىز ئۆز ئورنىمىزدا رەتلىك ئولتۇردۇق.
مۇئەللىم ناھايىتى روھلۇق ھالدا سىنىپقا كىرىپ كەلدى.

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ ئاددىي جۈملە ھېسابلىنىدىغان ياكى ھېسابلانمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىڭ ھەم ئاساسىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ.

1 ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىكى ياپيېشىل قارىغاي دەرەخلىرى يىراق - يىراقلاردىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

2 ئۆگىنىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى كۆپىنچە ھاللاردا قىزىقىش، توغرا نىشان، قەتئىي ئىشەنچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

3 گۈل - گىياھلار يالىڭاچلانغان قىش پەسلىدىمۇ باغۋارانلارنىڭ چۆرىسىدىكى ئازغانلارنىڭ چوغدەك مونچاقلىرى كۆزنىڭىزگە تاشلىنىدۇ.

ئاددىي جۈملە شەكلىدىكى ماقال - تەمسىل ياكى ئەقلىيە سۆزدىن ئۈچنى يېزىڭ.

______________________________

______________________________

______________________________

تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى مىسرالارنى ئاددىي جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ يېزىڭ.

كەچكى شەپەق نۇرىدا
تاۋلىنىدۇ ئالمىلار.
مەھەللىنى بىر ئېلىپ
قايتتى ئەنە پادىلار.

ئۆي ـ ئۆيلەردە موزايلار
مۆرىشىدۇ بەس ـ بەستە.
ساقال سىيپاپ بوۋايلار
قارىشىدۇ ھەۋەستە.

چاۋاك چېلىپ سەكرىشەر
شوخلۇق قىلىپ بالىلار.
چېلەكلەرنى كۆتۈرۈپ
چىقتى ئەنە ئانىلار.

مۇشۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەردىن ئۆزىڭىز ئەڭ ياقتۇرغان ئاددىي جۈملىدىن ئۈچنى كۆچۈرۈپ يېزىڭ.

www.uyghurkitap.com

# مەشىق باغچىسى

## ئاغزاكى ئالاقە ۋە يېزىقچىلىق مەشقى



### ئاغزاكى ئالاقە

### ئۇنتۇلماس «تۇنجى قېتىم»

تۇرمۇشىمىزدا نۇرغۇنلىغان «تۇنجى قېتىم» لار بولۇپ ئۆتكەن. مەسىلەن، تۇنجى قېتىم تاماق ئېتىش، تۇنجى قېتىم كەچتە يول يۈرۈش، تۇنجى قېتىم دالا سەيلىسىگە چىقىش، تۇنجى قېتىم سەھنىگە چىقىپ نومۇر ئورۇنداش، تۇنجى قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشىش، تۇنجى قېتىم پويىزدا ئولتۇرۇش، تۇنجى قېتىم ساياھەتكە چىقىش... ھەربىر «تۇنجى قېتىم» بىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش يولىمىزغا خۇددى ئاياغ ئىزىغا ئوخشاش ئىز سالىدۇ.

ئۆسۈپ يېتىلىش مۇساپەڭلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان قانداق «تۇنجى قېتىم» لار بولۇپ ئۆتكەن؟ شۇلاردىن بىرىنى تاللاپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ بېقىڭلار. پىكىرلەشكەندە، ئاشۇ «تۇنجى قېتىم» لىق ئىشنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلىسەڭلارمۇ ھەم شۇ ۋاقىتتىكى ھەقىقىي ھېسسىياتىڭلارنى ياكى ئالغان ئىلھامىڭلارنى سۆزلىسەڭلارمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا شۇ ۋاقىتتىكى «تۇنجى قېتىم» غا بولغان ھازىرقى كۆزقارىشىڭلارنى سۆزلىسەڭلارمۇ بولىدۇ.

## يېزىقچىلىق مەشقى

ئاغزاكى ئالاقە پائالىيىتىگە ئاساسەن «ئۇنتۇلماس تۇنجى قېتىم» دېگەن ماۋزۇدا بىر ئەسەر يېزىڭلار. «تۇنجى قېتىم» لىق كەچۈرمىشىڭلارنى تەپسىلىي يېزىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭدىن ئالغان ئىلھامىڭلارنىمۇ ئېنىق يېزىڭلار.

تۆۋەندىكى ئىككى مەزمۇن ئىچىدىن بىرىنى تاللاپ يېزىقچىلىق مەشقى ئېلىپ بارساڭلارمۇ بولىدۇ.

1) «بەش بارماق» دېگەن تېكىستتە ئاپتور ئادەتتىكى بارماقلارنى تېما قىلىپ، ناھايىتى قىزىقارلىق بىر ئەسەر يازغان. بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىمۇ يېزىشقا ئەرزىگۇدەك ئادەتتىكى نۇرغۇن شەيئىلەر بار. شۇلار ئىچىدىكى ئۆزىمىزگە تەسىرى چوڭقۇرراق بىر شەيئىنى تاللاپ يېزىپ باقايلى، شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭدىن ئالغان تەسىراتىمىزنى تەپسىلىي يېزىشقا دىققەت قىلايلى.




ساختا ساۋاتسىز　　　　1980 ـ يىل

www.uyghurkitap.com
تۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

2) ھەجۋىي رەسىملەر كۆچلۈك مەسخىرە ۋە كۈلكە خاراكتېرىدىگە ئىگە. رەسساملار تۇرمۇشتىن ماتېرىيال ئېلىپ، مۇبالىغە، ئوخشىتىش قاتارلىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ مەلۇم ئادەم، مەلۇم ئىشلارنى مەسخىرە قىلىپ تەنقىدلەيدۇ ياكى مەدھىيىلەيدۇ. يۇقىرىدىكى «ساختا ساۋاتسىز» دېگەن ھەجۋىي رەسىمدىن سىلەر ئاپتورنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنەلىدىڭلارمۇ؟ مۇشۇ رەسىمنىڭ مەنىسىنى، شۇنداقلا ئويلىغانلىرىڭلارنى يېزىپ بېقىڭلار، ماۋزۇنى ئۆزۈڭلار قويساڭلار بولىدۇ. ئەگەر ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ھەجۋىي رەسىملەر بولسا، شۇنى يازساڭلارمۇ بولىدۇ.

## ئەسلەش ۋە كېڭەيتىش



### ئالاقە سەھنىسى

بىر ئەسەرنى بىرنەچچە ئادەم ئوقۇسا، ئۇلارنىڭ بۇ ئەسەرگە بولغان چۈشەنچىسى ۋە ئالغان تەسىراتى ئوخشاش بولمايدۇ. چۈنكى بىز ئەسەرنى ئوقۇغاندا، ئەسەرنىڭ باش ـ ئاخىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ياكى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىمىزگە بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇپ، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزىمىز. مەسىلەن، «بوۋامنىڭ يۇلغۇنلۇقى» دېگەن تېكىستتىكى «بالام، بۇنىڭدىن غەم يېمە! يۇلغۇن باغدىكى مېۋىلىك دەرەخ ياكى تەشتەكتىكى گۈلگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ قۇملۇق، چۆل ـ باياۋاندا ياشاشقا ماسلاشقان، تۇپراقتىكى ئازغىنە نەملىكنىمۇ سۈمۈرۈۋېلىپ ياشناۋېرىدۇ. ئايدا، يىلدا بىرەر قېتىم يېغىپ قالىدىغان يامغۇرمۇ ئۇنىڭ ئۆزاققىچە ياشىرىپ تۇرۇشىغا يېتىدۇ» دېگەن جۈملىلەرنى ئوقۇغىـ

نىمىزدا، تېكىستتىكە گەرچە «بوۋامنىڭ يۇلغۇنلۇقى» دەپ ماۋزۇ قويۇلغىنى بىلەن، نوقۇل يۇلغۇنلا تەسۋىرلەنمىگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. تېكىستنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇپ، باش ـ ئاخىردىكى مەزمۇنلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئويلىغىنىمىزدا، ئاپتورنىڭ ئادەملەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى يۇلغۇننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەقلىد قىلغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز. يەنە ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلىغانلىرىمىزنى، تەسىراتلىرىمىزنى سۆزلىسەك، تېكىستتىكە قارىتا ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل قارىشى ھاسىل بولغان بولىدۇ.

بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرگە ۋە ئىلگىرىكى تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىشىمىزگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىپ ئۆتكەن مەلۇم بىر تېكىستتىكە بولغان چۈشەنچە ۋە تەسىراتىمىز توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، بۇ چۈشەنچىگە قانداق ئېرىشكەنلىكىمىزنى ۋە ئۇنى قانداق چوڭقۇرلاشتۇرغانلىقىمىزنى سۆزلەپ باقايلى. مۇشۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەردە ئاپتورنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش جەھەتتە قانداق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بارلىقى ۋە يېزىقچىلىق مەشقىمىزدە بۇ ئۇسۇللاردىن قانداق پايدىلانغانلىقىمىزنى سۆزلىسەكمۇ بولىدۇ.



## تىل خەزىنىسى

ئىلىم ـ ئەخلاقتا يېتىشكەن، پەزىلەتلىك كىشىلەر ھايالىق بولىدۇ. ئىلىمسىز ۋە نادانلار ھاياسىز بولىدۇ.

— ئەلىشىر نەۋائىي

كىشى بىلىم، پەزىلەت، ياخشى خۇلق ۋە قىلىقنى ئۆگەنسە، ئاندىن يورۇش ـ تۇرۇشى تۈزۈلىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

www.uyghurkitap.com

ھەقىقىي تەربىيە كۆرگەن كىشىلەردىن بولۇش ئۈچۈن، ئەتراپلىق بىلىم، تەپەككۇر قىلىش ئادىتى ۋە ئالىيجاناب مىجەزدىن ئىبارەت ئۈچ پەزىلەتنى ھازىرلاش لازىم. بىلىملىك بولمىسا، نادان بولىدۇ؛ تەپەككۇر قىلىشقا ئادەتلەنمىسە، قارام ۋە دۆت بولىدۇ؛ ئالىيجاناب مىجەز بولمىسا، پەسكەش بولىدۇ.

— ن . گ . چېرنىشېۋسكىي

(«مەرىپەت جەۋھەرلىرى» دىن ئېلىندى)

## ئىبرەتلىك چۆچەك

### ئىلاجىنىڭ يوقىدىن

بۇرۇنقى زاماندا بىر جۈپ بوۋاي، موماي ئۆتكەن بولۇپ، جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېلىپ سېتىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. يېشى 70 كە ئۇلاشقاندا، ئۇلار بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بوپتۇ. بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولغان بولسىمۇ، بالىسىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى ئويلاپ غەم ـ قايغۇغا پېتىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بوۋاينىڭ ئوغلى توققۇز ياشقا كىرىپ قاپتۇ، بوۋاي كۈچ ـ ماغدۇرىدىن قېلىپ ئوتۇنغا بارالمايدىغان ھالغا يېتىپ قاپتۇ. لېكىن بوۋاي بىلەن موماي «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەپ، پۈتۈن ئۈمىدىنى توققۇز ياشلىق ئوغلىغا باغلاپتۇ. بوۋاي بىر كۈنى ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، ئەھۋالنى كۆرۈۋاتىسەن، ئەمدى جاڭگالغا ئوتۇنغا بارالمىغۇدەكمەن، سەن بېرىپ، ئوتۇن ئەكەلمىسەڭ بولمىدى، — دەپتۇ.

— ئوتۇننىغۇ ئەكېلەلەيتتىم، بىراق ئۆزۈم يالغۇز ئوتۇننى ئاتقا قانداق ئارتىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغلى. بوۋاي بىرئاز ئويلىنىۋال-

غاندىن كېيىن :

— ئوغلۇم، ئاشۇ جاڭگالدا «ئىلاجكام» دەيدىغان بىر كىشى بار، سەن ئوتۇننى يىغىپ، ئارغامچا بىلەن چىڭ تېڭىپ تەييارلاپ قويۇپ، «ئىلاجكا» دەپ توۋلىساڭ، ئۇ كېلىپ ئوتۇننى ئاتقا ئارتىشىپ بېرىدۇ، — دەپتۇ.

بوۋاينىڭ ئوغلى جاڭگالغا بېرىپ ئوتۇنلارنى يىغىپ، ئارغامچا بىلەن باغلاپ ئاتقا ئارتقۇدەك قىلىپ تەييارلاپ قويۇپ:

— ئىلاجكا! — دەپ توۋلاپتۇ، ھەرقانچە توۋلىغان بولسىمۇ، ھېچ يەردىن جاۋاب بولماپتۇ. ئۇ كەچ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپتۇ، ئوتۇننى ئالماي كېتەي دېسە كۆڭلى ئۇنىماپتۇ. ئاخىرى ئۆزى بىر ئامال قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ ئاتنى بىر چوڭقۇراق ئېرىقنىڭ ئىچىگە يېتىلەپ چۈشۈرۈپ، ئوتۇننى سۆرەپ كېلىپ ئاتقا ئارتىپتۇ.

بوۋاينىڭ ئوغلى قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئوتۇننى ئېلىپ ئۆيگە كەپتۇ. بوۋاي ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ:

— ئوغلۇم، ئوبدان ئوتۇن ئەكەپسەن، «ئىلاجكام» ئاتقا ئارتىشىپ بەردىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، ئوتۇنلارنى يىغىپ بولۇپ، «ئىلاجكا» دەپ شۇنچە توۋلىسامۇ كەلمىدى، كەچ بولۇپ كېتىپ، ئاخىرى ئىلاجىمنىڭ يوقىدىن ئوتۇننى ئۆزۈم ئاتقا ئارتىپ كەلدىم، — دەپتۇ بوۋاينىڭ ئوغلى ۋە ئوتۇننى ئاتقا ئارتىش جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بوۋاي ئوغلىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— ئوغلۇم، «ئىلاجكام» دېگەن ئەنە شۇ، ئەقلىڭگە بارىكالla، ئەمدى سەندىن خاتىرجەم بولدۇم، — دەپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ بوۋاينىڭ ئوغلى ئوتۇنچىلىق قىلىپ، ئاتا - ئانىسىنى بېقىشقا باشلاپتۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەم ئۆتۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى بۆلەك

# رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلەر

ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ جانلىق سۈرىتى بولۇپ، ئۇ مىللەتلەرنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بەلگىلەرنىڭ بىرى. شۇڭا، ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى بىلىش، شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇش شەكلى بىلەن تونۇشۇش، مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ۋە گۈزەللىك قارىشىنى چۈشىنىش، پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى بىلىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بىز بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ، شۇنداقلا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھېس قىلايلى. ماتېرىيال كۆرۈپ ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ يەنە قانداق جەلپكارلىققا ئىگە ئۆرپ ـ ئادەت شەكلى بارلىقىنى بىلىۋالايلى.



## 6 نورۇز بايرىمى

نورۇز بايرىمى ــ تەبىئەتنىڭ قىشلىق ئۇيقۇدىن ئويغىنىشى بىلەن باش باھاردا تەنتەنىلىك ۋە كەڭ كۆلەملىك ئۆتكۈزۈلىدىغان مىللىي بايرىمىمىز، ئۇ ھەر يىلى شەمسىيە يىلى (قۇياش يىلى) نىڭ بىرىنچى كۈنى يەنى مىلادىيە ھېسابىدا 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كۈن ـ تۈن تەڭلەشكەن كۈندە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

نورۇز دېگەن بۇ ئاتالغۇ «يېڭى كۈن»، «تۈنجى كۈن»، «قۇياش ياشارغان كۈن» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى يىراق قەدىمدە، نورۇز بايرىمىنى «يىل بېشى» ياكى «كۈن تۇغدى» دەپ ئاتىغان.

نورۇز بايرىمى ــ تەبىئەت بايرىمى. ئۇ خەلقنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقلىرىدىن ئامان ـ ئېسەن چىقىپ، باھارنىڭ ئىللىق ئاپتىپى ئاتا قىلغان خۇشاللىقىنى ئىپادىلەيدىغان بايرام. تۈرلۈك دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ چېچەك، ئۆسۈملۈكلەر بىخ سۈرۈپ چېچەكلەيدىغان، ھايۋانلار تۆللەپ ئەۋلاد قالدۇرىدىغان، پۈتۈن تەبىئەت قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ يەر ـ جاھان گۈزەل تۈسكە كىرىدىغان مول مەنىگە ئىگە تەبىئەت بايرىمىدۇر. ھەرقايسى

---

① بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش.

www.uyghurkitap.com

كەسىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئاۋام ئۆز كەسىپلىرىنى راۋاج تاپتۇرۇش ئىنتىلىشلىرىنى، بەختلىك ئەتىگە بولغان گۈزەل ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئەمگەك بايرىمىدۇر.

نورۇز بايرىمى — ئۇيغۇرلارنىڭ كاتتا مىللىي بايرىمى بولغاچقا، بۇ كۈن كېلىشتىن ئىلگىرىلا نورۇزلۇق تەييارلىقلار باشلىنىدۇ. كىشىلەر ئۆيلىرىدە «كۆك» ئۆستۈرۈپ، ئۇنى نورۇز ئېشى قىلىشقا ئىشلىتىدۇ. نورۇز مۇراسىم پائالىيىتىگە ئېلىپ بارىدىغان دان تەييارلايدۇ. نورۇز كۈنى كىيىشكە يېڭى، پاكىز كىيىملەرنى راسلايدۇ. يۇرت، مەھەللە ئاقساقاللىرى نورۇز پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزىدىغان مەيدان، پائالىيەت ئەسلىھەلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. نورۇز بايرىمىنىڭ باشلىنىش ھارپىسىدا، شەھەر، قىشلاقلاردا نورۇز بايرىمىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئەل - جامائەتكە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ناغرا - سۇناي چېلىنىدۇ.

نورۇز بايرىمى كېلىش ئالدىدا يەنە خەلق ئېرىق - ئۆستەڭ، كۆللەرنى، قوتانلارنى ئېرىغدايدۇ، كوزا، ئىدىش، قاپاقلارنى تازىلاپ، ئەگۈز سۇلىرى بىلەن توشقۇزىدۇ. ھويلا - ئاراملارنى رەتلەپ، يوللارنى تۈزلەپ، پاكىز، چىرايلىق بىر مۇھىتتا نورۇز ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ.

ھارپا ئاخشىمى يىگىتلەر توپ - توپ بولۇشۇپ، ياغلىق قاپاقنى كۆيدۈرۈپ، يۇرت - مەھەللىلىرىدىن چىقىپ، ئېگىز قىرلارغا توپلىنىپ سوغۇق قوغلايدۇ. قوشاق - بېيىتلارنى ئېيتىشىدۇ. نورۇزغا بېغىشلانغان ناخشىلارنى

توۋلايدۇ. گۈلخان يېقىپ ئەتراپىدا ئۇسسۇل ئوينايدۇ.
نورۇز كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاساسەن ئۆزئارا يوقلىشى-
دۇ. يەنى پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىلارنى يوقلايدۇ. ئىگە - چا-
قىسىز، قېرى - چۈرى، يېتىم - يېسىر، مېيىپلەرنى،
كېسەللەرنى يوقلايدۇ. نورۇز كۈنى ئىقتىسادىي شارائىتى يار
بەرگەن بەزى ئائىلىلەردە قۇتلۇق نورۇز كۈنىنى تەبرىكلەش
يۈزىسىدىن «ق» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان يەتتە خىل يېمەك-
لىك تەييارلايدۇ. مەسىلەن، قايماق، قېتىق، قۇرت، قۇيماق،
قاتلىما، قۇيرۇق - جىگەر، قوزا گۆشى (تونۇر كاۋاپ ياكى
قورداق) دېگەندەك. بۇنداق غىزالارنى تەييارلاش بىلەن نو-
رۇزدا «توققۇزى تەل» بولۇشنى تىلەيدۇ.
نورۇز كۈنى ئۆزئارا يوقلاش تۈگىگەندىن كېيىن، چوڭ -
كىچىك، ئەر - ئايال ھەممەيلەن چوڭ سەينالارغا، بوستان-
لىقلارغا توپلىنىپ، سەيلە - تاماشا قىلىشىدۇ. شۇ سو-
رۇندا ئالدىن تەييارلانغان تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. خەلق
قوشاقچىلىرى، شائىرلار نورۇزغا بېغىشلانغان ھەر خىل
شېئىر - قوشاقلارنى ئوقۇشىدۇ. خەلق سەنئەتكارلىرى
داستان - بېيىتلارنى ھېكايە - چۆچەكلەرنى، قىسسە، لە-
تىپىلەرنى سۆزلەيدۇ. سازچىلار ساز چېلىپ ناخشا ئېيتى-
دۇ. ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇل ئوينايدۇ. قىزلار سۆگەتنىڭ
بوستانلىرىدىن گۈلچەمبىرەك، چاچ ياساپ، باشلىرىغا تا-
قىشىدۇ. ئوغۇللار سۆگەتنىڭ تېلىدىن «بۇت - بۇت» ياساپ
چېلىپ ئوينايدۇ.
نورۇز كۈنى كىشىلەر ئىدىش، قاپاقلاردا ئۆستۈرگەن



www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com

بۇغداي ياكى ئارپا ئۈندۈرمىسىنى (كۆكنى) باھار ئەلچىسى
سۈپىتىدە نورۇز ئۈچۈن تەييارلانغان داستىخاننىڭ ئوتتۇ -
رىسىغا قويىدۇ. نورۇز كۈنى كىشىلەر توپلانغان جايدا بىر -
قانچە داش قازان ئېسىلىدۇ. نورۇز ئەھلى ئۆيلىرىدىن ئې -
لىپ كەلگەن قوي - كالا، ئۆچكە، توخۇ، كەپتەر گۆشلىرى
قازانغا سېلىنىپ، بۇغداي كۆجىسى، چامغۇر، پىياز بىلەن
بىللە قاينىتىلىپ نورۇز ئېشى ئېتىلىدۇ. بۇ ئاش كۆپچى -
لىكنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشى بىلەن تەييارلىنىدۇ. بارلىق
نورۇز ئەھلى ئېغىز تېگىدۇ. نورۇزنىڭ ئىككىنچى كۈنى
تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى يەنى چېلىشىش، ئات بەي -
گىسى، ئوغلاق تارتىشىش، دارۋازلىق، قوچقار سوقۇشتۇ -
رۇش، خوراز ۋە كەكلىك سوقۇشتۇرۇش، ئىلەڭگۈچ ئۇ -
چۇش، چاقپەلەك ئايلىنىش، ئىت تالاشتۇرۇش قاتارلىق ھەر
خىل پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ. نورۇزنىڭ ئۈچىنچى
كۈنى يۇرت - مەھەللە بويىچە چوڭ مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ.
بۇنداق مەشرەپنى يۇرتنىڭ چوڭلىرى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ يا -
كى كىشىلەر ئۆزئارا يىغىش قىلىپ، داستىخان تەييارلايدۇ.
مۇقامچىلار مۇقام ئورۇندايدۇ. ئەر - ئايال، قېرى - ياش
ھەممىسى ئۇسسۇلغا چۈشۈپ نورۇز ئەھلىنى شادلاندۇرىدۇ.
ھەر خىل قىزىقارلىق ئويۇنلار ئوينىلىدۇ.

دېمەك، نورۇز بايرىمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېڭى يىل
بايرىمى، ئەمگەك بايرىمى، تەبىئەت بايرىمى، دوستلۇق،
ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق بايرىمى. خەلقىمىزنىڭ تۈرلۈك
ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۆزىگە جەملىگەن ۋە ئەۋلادلارغا ئۆتكى -

تىدىغان سەنئەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت، تەنھەرىكەت بايرىمى. كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدىغان ساۋاپلىق بايرىمى. بىر ـ بىرىگە بەخت ـ ئامەت تىلىشىدىغان ئامانلىق بايرىمى. كىشىلەرگە مەنىۋى جەھەتتە شاد ـ خۇراملىق ئاتا قىلىدىغان شادلىق بايرىمى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كونا يىلنى ئۇزىتىپ يېڭى يىلنى كۈتۈۋالىدىغان، مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، كەلگۈسىگە يېڭى ئىشەنچ، يېڭى ئىرادە تىكلەپ ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىدىغان قۇتلۇق بايرامدۇر.



1 تېكىستنى ئەستايىدىل توغرا، راۋان ئوقۇيلى.

2 تېكىستنى ئوقۇغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشەيلى.

1) نورۇز بايرىمى قايسى ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

2) نورۇز بايرىمىدا قانداق پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ؟

3) نورۇز ئېشى قانداق ئېتىلىدۇ؟

3 يۇرتىمىزدا نورۇز بايرىمىنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا سۆزلىشەيلى.

4 دەرستىن سىرتقى ماتېرىياللاردىن «نورۇز قوشاق»لىرىنى تاللاپ كۆچۈرۈۋالايلى ۋە يادلىۋالايلى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئوقۇپ باقاي

## نورۇز قوشىقى

ئەسسالامۇئەلەيكۇم،
سىزگە بولسۇن قۇتلۇق كۈن.
پەسلى جاھان ھۆت كەلدى،
جۇتلار ئۆتۈپ قۇت كەلدى.
نورۇز بولدى نۇر بولدى،
ھەممە جانلىق ھۆر بولدى.
ھەي خالايىق شادلىنىڭ،
كەسىپ ـ كارغا ئاتلىنىڭ.
دېھقان دەرھال كەتمەن ئال،
يەرگە ساپان، ئۇرەن سال.
چەش دۆۋىلەنسۇن خامانغا،
بۇغداي تولسۇن باداڭغا.
مالچى كۆپلەپ تۆل ئالسۇن،
سۈت ـ قايمىقى مول بولسۇن.
يۇرتىمىز بولغاي ئاۋات،
مەئىشەت توق، كۆڭۈل شاد.
ئەل ـ يۇرت ھامان ئامان بول،
ئامان بول، ئامان بول.

يۇقىرىدىكى تېكىستتە نورۇز بايرىمىنىڭ خاسىيىتى بىلەن تو-نۇشتۇق. تۆۋەندىكى تېكىستنى ئوقۇپ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئە-نىسىگە ئىگە تاجىكلارنىڭ بۇركۇت مەدەنىيىتى ھادىسىسى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن گۈزەللىك قارىشىنى چۈشىنىپ باقايلى.

## 7* تاجىكلار ۋە بۈركۈت

«دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ نام ئالغان پامىر ئېگىزلىكى-گە جايلاشقان تاشقورغاندا «قۇياشقا يېقىن كىشىلەر»، «بۇلۇت ئۈستىدىكى ئادەملەر» دەپ تەرىپلىنىدىغان تاجىك مىللىتى ياشايدۇ.



تاجىكلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى تېپىكلەشتۈرۈلۈپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماي بوياق رەسىملەردە، فو-توگرافلار تەرىپىدىن تار-تىلغان بەدىئىي سۈرەتلەر-دە بولسۇن؛ ئەنئەنىۋى مە-دەنىيەت ۋە سەنئەت تونۇشتۇرۇلغان تېلېۋىزىيە فىلىملى-رىدە بولسۇن؛ ھەيۋەتلىك قارلىق تاغنىڭ ئېتىكىدە، قوتاز، كالا، قوي پادىلىرى ئازادە ئوتلاۋاتقان يېشىل يايلاقتا، تام-لىرى تاشتىن قوپۇرۇلغان ھويلا - ئارامlاردا، بېشىغا گۈل-لۈك دوپپا كىيىپ، ئۈستىگە رەڭدار رومال ئارتىۋالغان، ئۇچىسىغا رەڭگى ئوچۇق رەختتىن كۆڭلەك، چاپان كىي-

① بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى شېرىن قۇربان.

www.uyghurkitap.com

يىغۋالغان، بويىنغا ئۇزۇن مارجان ئېسىپ، ئۆرۈلگەن چېچىغا چاچتەڭگە سېلىۋالغان تاجىك قىزلىرىنىڭ يوغان داپلارنى قىزغىن كەيپىياتتا چېلىۋاتقانلىقى، بېشىغا قوزا كۆرپىسىدىن جىيەك تۇتۇلغان تاجىكچە تۇماق، ئۇزۇن يەڭلىك كانۋا كۆڭلەك ئۇستىدىن قارا رەڭلىك رەختتىن تىكىلگەن جىلىتكە كىيىپ نەي چېلىۋاتقان يىگىتلەر، داپ ۋە نەينىڭ مۇزىكا رىتىمىغا ماسلاشتۇرۇپ بەدىنىنى خۇددى پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈركۈتتەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ، شوخ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىز ـ يىگىتلەر كۆرۈنىدۇ.

بۇ چاغدا ھەرقانداق ئادەمنىڭ كاللىسىدا تاجىكلار بىلەن بۈركۈتنىڭ قانداق باغلىنىشى باردۇ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ.

دەرۋەقە، بۈركۈت تاجىكلارنىڭ ياشاش ئادىتى، گۈزەللىك قارىشى، غايە ـ ئارزۇسىغا سىڭىپ كەتكەن، شۇڭا تاجىك مەدەنىيىتى «بۈركۈت مەدەنىيىتى» دەپ سۈپەتلىنىدۇ. بۇ



خىل سۈپەتلەش ئەلۋەتتە ئوبيېكتىپ ئاساسقا ئىگە. بۈركۈت ۋە «بۈركۈت نەي» توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا تۆۋەندىكىدەك رىۋايەت تارقالغان.

بىر كۈنى يىرتقۇچ قۇشلار تاجىك پادىچىنى تۇتۇۋېلىپ، قۇشلار پادىشاھىغا سوۋغا قىپتۇ. قۇشلار پادىشاھى ۋەزىر-لىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە پادىچىنى ئۆلتۈرۈپ يېيىش قارارىغا كەپتۇ. چۈنكى ئادەم گۆشىنى يېگەن قۇش ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قالغان رەھىمدىل بۈركۈت پادىچى سولاقلىق جايغا كېلىپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دەپتۇ ھەم ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. تۇن تەڭ بولغاندا، بۈركۈت پادىچىنى ئۇستىگە مىندۈرۈپ ئۇچۇپ يۇرتىغا ئامان - ئېسەن ئەكېلىپ قويۇپ-تۇ. بالىسىنىڭ دەردىدە قان يىغلاپ تۇرغان پادىچىنىڭ ئاتا - ئانىسى خۇشاللىقتىن يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولۇپ، بۈركۈت-كە: «سەن بىزنىڭ مەڭگۈلۈك دوستىمىز، نىجاتكارىمىز» دەپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۈركۈت قايتىش ۋاقتىدا قانىتىدىن بىر تال پەيىنى يۇلۇپ پادىچىغا بېرىپ:

— مەن بۇنى ساڭا ھەدىيە قىلاي، ھەرۋاقىت يېنىڭدىن ئايرىما، ئەگەر بىرەر مۈشكۈلاتقا يولۇقساڭ دەرھال پەيىنى پۈۋلە، شۇ ھامان مەن قېشىڭدا پەيدا بولىمەن، — دەپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇ قۇشلار ئارىسىغا كىرىشىگە «ئىنسانغا شەپ-قەت يەتكۈزۈش ھېسابىغا ئۆز قوۋمىغا ئاسىيلىق قىلغان» دەپ جازالىنىپ قوغلاندى قىلىنىپتۇ. ئۇ ئۇدۇل پادىچىنى ئىزدەپ كېلىپ، ئادەملەر توپىغا قوشۇلۇپ، ئۇلار بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جاپا ـ مۇشەققەتتە ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتە بىللە ياشايدىغان بوپتۇ.

دېڭىز يۈزىدىن 2000 — 3000 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان تاشقورغاندىكى ھەيۋەتلىك چوققىلارنى بۈركۈت-لەرنىڭ ماكانى، تىنىق كۆك ئاسماننى ئەركىن پەرۋاز قى-لىدىغان مۇقەددەس بوشلۇقى دېيىشكە بولىدۇ.

بۈركۈت تاجىكلارنىڭ تۇرمۇشىغا ھەقىقەتەن چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. ئۇلار بۈركۈت قانىتىنىڭ سۆڭىكىنى 20 ~ 30 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كېسىپ، ئۈچ يەردىن تۆشۈك ئېچىپ نەي ياسايدۇ. ئادەتتە نەيچىلەر ئۇنى تىك تۇ-تۇپ چالىدۇ. نەيدىن چىققان ئاۋاز تولىمۇ يېقىملىق بولۇپ، ئاڭلىغان ئادەمنى ئۆزگىچە مەھلىيا قىلىدۇ. تاجىكلارنىڭ توي ـ تۆكۈن ۋە ھەر خىل مۇراسىملىرى بۈركۈت نەيسىز ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بىر جۈپ نەيگە، بىر جۈپ داپ تەڭكەش قىلىنىپ چېلىنىشىنىڭ مەلۇم ئاساسى بار. بۈركۈت قانات كېرىپ تېز سۈرئەتتە ئۇچقان چاغدا، ئىككى قانىتى-دىن داپ تەڭكەش قىلىنىپ چېلىنغان بىر جۈپ نەينىڭكى-دەك ئاۋاز چىقىدۇ.

تاجىكلارنىڭ ئۇسسۇلى تولىمۇ ئۆزگىچە. بۈركۈتنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىش، شىددەت بىلەن شۇڭغۇش، قانىتىنى كېرىپ ئەتراپنى كۆزىتىش، لەرزان ئۇچۇپ ئايلىنىش، جان ـ جەھلى بىلەن ئوۋغا ئېتىلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش ھەرىكەتلىرى تاجىكلارنىڭ ئۇسسۇلىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپ-قان بولۇپ، كۆرگەن كىشىدە ھەقىقەتەن ئۆزگىچە تۇيغۇ

پەيدا قىلىدۇ. تاجىكلار بۈركۈتنى بارلىق بەخت ـ سائادەت-
نىڭ مەنبەسى، يامانلىق، شۇملۇق، ئەسكىلىك، مۇشتۇم-
زورلۇققا قارشى تۇرغۇچى ئىلاھىي كۈچ سۈپىتىدە چۈشە-
نىپ ئۇنىڭغا تېۋىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بۈركۈتنى قۇت بەلگە-
سى قىلغان. بۈركۈتنى ھاقارەتلەش، بۈركۈتنى ئوۋلاش،
ئۆلتۈرۈش مەنئى قىلىنىدۇ. بالىلىرىغا «بۈركۈتتەك جاسا-
رەتلىك بول» دەپ تىلەك تىلەيدۇ.

دېمەك، شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بۇ قەدىمىي
مىللەت ئۇزاق ئەسىرلىك تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ
جاپا ـ مۇشەققەتنى، خۇشاللىق ـ قايغۇسى، گۈزەللىك تۇي-
غۇسى، تەبىئەتكە بولغان قارىشى، ھادىسىلەرگە بولغان
ئوي ـ پەرەزلىرىنى بۈركۈت روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ
خۇددى بۈركۈتتەك ياشاپ كەلمەكتە.



www.uyghurkitap.com

# 8 قازاقلارنىڭ ئاقىنلار ئېيتىشىشى

ئاقىنلار ئېيتىشىشى ــ ئىككى ئاقىننىڭ يەكمۇ يەك
چۈشۈپ ئۆزئارا ئېيتىشىشى، ئاقىنلىق ماھارەت مۇسابىقى-
سى، ئېنىق ئېيتساق، بىر - بىرىنىڭ ئەيىبىنى تېپىپ ئۆ-
لەڭ ئارقىلىق ئېلىشىشى، بەس - بەسكە چۈشۈشى. بۇنىڭدا
ئېيتىشقۇچى ئاقىنلارنىڭ دومبىرا بىلەن تەڭكەش قىلىپ،
مەلۇم ئاھاڭ بىلەن ناۋا قىلىپ، دىئالوگ شەكلىدە ئېيتى-
شىشى شەرت قىلىنىدۇ.

ئېيتىشىش ئاقىنلىرى ئۆلەڭنى ھازىرجاۋابلىق بىلەن
ئىچىدىن چىقىرىپ ئېيتىدۇ. بۇنىڭدا يازمىچى ئاقىنلاردەك
ئويلىنىپ ياكى يادلاپ ئېيتىشقا ئىمكان بولمايدۇ. ئاقىنلار



① بۇ تېكستنىڭ ئاپتورى بىكسۇلتان.

بىرىنىڭ ئېيتقىنىغا بىرى دەل ۋاقتىدا جاۋاب بېرىشى لازىم. شارىلداپ قۇيۇلغان سۆز يامغۇرى قانچىلىك تەسىرلىك، قانچىلىك باغلىنىشلىق بولغانسېرى ئاقىنمۇ يېڭىش پۇرسىتىگە شۇنچىلىك يېقىنلىشىدۇ. ئېيتىشىش شۇنچىلىك قىزىيدۇ. تىڭشارمەنلەرنى شۇنچىلىك جەلپ قىلىدۇ. «ھېكمەتلىك سۆزگە نومۇسسىز كىشى جاۋابدىشىدۇ» دېگەن قائىدىگە رىئايە قىلىدىغان قازاق ئېيتىشىش ئاقىنلىرى يېڭىلىپ قالغاندا چىدىماي تالاش - تارتىش قىلىپ ئولتۇرمايدۇ.

ئۆلەڭنىڭ مەزمۇنىغا چەك قويۇلمايدۇ. قايسى تېمىدا ئېيتىشىش، قانداق مەزمۇن ھەققىدە سۆز قوزغاش ئاقىنلارنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ. ئادەتتە ئېيتىشىش ئاقىنلارنىڭ ئۆزئارا تىنچ - ئامانلىق سورىشىشى، يۈز كۆرۈشۈشى بىلەن باشلىنىدۇ.



ئېيتىشىش جەلپكارلىقى كۈچلۈك شەكىل. قازاق خەلقى ئېيتىشىش سەنئىتىگە بەكمۇ قىزىقىدۇ. ئېيتىشىش دېسە، قېرى ــ ياش دېمەي قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭدىكى توپ سەۋەب، ئۇنىڭ نەق مەيداندىكى هازىرجاۋابلىقى يەنى نەقمۇنەق ئىجاد قىلىنغانلىقىدا.

ئېيتىشىش هايات ئۆزگىرىشلىرىگە مايىل سەنئەت. تەسىرلىك ئۆلەڭلەر خەلق ئىچىدە كەڭ تارقىلىدۇ. يېڭى ئېيتىشىش ئۆلەڭلىرى بولسا، كەينى ــ كەينىدىن ئۇزۇلمەي داۋاملىشىۋېرىدۇ. ئېيتىشىش جەريانىدا بۇرۇنقىنى تەكرارلاشقا ئەسلا بولمايدۇ.

ئېيتىشىش ئۆلەڭلىرى شەكلىگە قاراپ، تورمەك ئېيتىشىش، سورمەك ئېيتىشىش دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئېيتىشىۋاتقان ئىككى ئاقىنىڭ بىر كۇپلېتتىن نۆۋەتلىشىپ ئېيتىششى تورمەك ئېيتىشىش دېيىلىدۇ، پىشقان، چىڭ ئاقىنلار قارشى تەرەپكە ئوي ــ خىياللىرىنى قالدۇرماي ئېيتىپ، تولۇق جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئۇزاقراق ئېيتىپ خۇلاسىلەيدۇ. بۇنداق ئازادە كۇيلەپ ئېيتىشىش سورمەك ئېيتىشىش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا خەلق ئىچىدە يەنە ئەپسانە ئېيتىشىش، قايىم ئېيتىشىش، قارا ئۆلەڭ ئېيتىشىش، تېپىشماق ئېيتىشىش ۋە يازما ئېيتىشىش (مۇشائىرە تەرىقىسىدە) قا ئوخشاش ئېيتىشىشلار ئۇچرايدۇ.

ئەل ئىچىدە ئېيتىشىش بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغان ئاقىنلار كۆپ. خالايىق ئۇلارنى «ئېيتىشىش ئاقىنلى-

ـرى» دەپ ٴاتايدۇ. ٴيتىسشىش ٴاقىندارى ٴىشىندە ٴولتىۇ-
رۇشلاردا، توي ـ تويلار، بوشوك تويلاردا تاسادىپى ٴوچ-
ـرىسىپ قالغاندا، ٴولەڭ بىلەن جوقتۇلىسىدىغانلارمۇ كوپ.
بۇ يىغىلىشلارنىڭ تولىسى يىشىل يايلاقتا، ٴايداالادا ٴوتكۇ-
زۇلىدۇ. توۆەندە مەشھۇر ٴيتىسشىش ٴاقىنلارىدىن بولغان
قۇرمانبەك بىلەن مەيرامقانىنىڭ ٴيتىسشىشىدىن پارچە:

م: قۇرمانبەك توغرا تاپتىم ٴيتقىنىڭنى،
ياقتۇردۇم ٴورۇنلۇق سوز تاپقىنىڭنى.
ئەمدى كۇيلە، ٴالتاينىڭ خىسلىتىنى،
كورەيمەن قانداق قانات قاققىنىڭنى.

ق: ٴالتاي دىسەم كۇيۇمدىن توكولەر بال،
كوپ ٴولگىلەر ٴالتايدا ئەزەلدىن بار.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمدى سەن ئويغا بار، قىرىغا بار،
كەلمەكتە زامانەمدىن شولا، نۇر، «نار».
بولغاندا قۇندۇز سۇدا، بۇلغۇن چۆلدە،
قاپتاللار قارىغايزار، بۇغا ـ مارال.
كۆپ سوراپ، يولۇم توسۇپ كىلىۋەرسەڭ،
قۇرمانبەگ، مىدراتماستىن قەھرىگە ئالار.
ئالتاينىڭ بەخت تاپقان قوۋناق ئېلى،
بىر سوققان يۈرىكىدىن، تىنىق، دېمى.
قۇچىقى كۆۋەرىگەن چەكسىز خەزىنە،
مىس كانى، ئالتۇن كانى، كۈمۈش كانى.
مېۋىلىرى يىلقىنىڭ يۈرىكىدەك،
گۈل ـ چېچەكى خوتەننىڭ گىلىمىدەك.
ئەينەك كۆلدە سەكرەشكەن ئاق بېلىقى،
ۋالىلدىغان ئۆزۈڭنىڭ بىلىكىدەك.

م: تەلىم ئالدىم ئاقىنىنىڭ داناسىدىن،
قالمايچۇ ئەلىنىڭ ئادىل باھاسىدىن.
دانىشمەن، داھىي، شائىر، باتۇر، مەردان،
ھەممىسى تۇغۇلغاندۇر ئاناسىدىن.

ق: ئانا دېگەن مېنىڭمۇ ئىپتىخارىم،
ئانا يەرگە پەرزەنتمەن بۇ سۆزۈم چىن.
ئېيتاي مەن مەيرامقانغا رەھمىتىمنى،
ھېكمەتلىك مۇشۇ سۆزنى تاپقىنى ئۈچۈن.



1 تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇيلى، بېرىلگەن قوشاقلارنى روللارغا بۆلۈنۈپ ئوقۇيلى.

2 تېكىستنى ئوقۇپ چۈشەنگەندىن كېيىن تۆۋەندىكى مەسىلە-لەر ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشەيلى.

1) ئاقىنلار ئېيتىشىشنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟

2) قازاق خەلقى نېمە ئۈچۈن ئېيتىشىش سەنئىتىنى ياخشى كۆ-رىدۇ؟

3) ئېيتىشىش قانداق سورۇنلاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ؟

3 تۆۋەندە بېرىلگەن مىساللارنى ئوقۇپ ئاستى سىزىلغان سۆز-لەرنىڭ مەنىسىنى يازايلى ۋە بۇ مىسرالارنى چۈشىنىۋالايلى.

ئالتاي دېسەم كۆيۈمدىن تۆكۈلەر بال.

(      )

قۇرمانبەگ مىدراتماستىن قەھرىگە ئالار.

(                )

قۇچىقى كۆۋەرىگەن چەكسىز خەزىنە.

(      )

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئاقىنلار ئېيتىشىشى» قازاق خەلقىگە ئومۇملاشقان كەتكەن سەنئەت تۈرى. بىز يۇقىرىقى تېكىست ئارقىلىق «ئاقىنلار ئېيتىشىشى» نىڭ قازاق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس بۇلىقى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق. تۆۋەندىكى تېكىستنى ئوقۇش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان هويلا ـ ئارام بەرپا قىلىشىنىڭ جەريانى ۋە ئەھمىيىتى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش روھى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرايلى.

## *9 ئۇيغۇرلارنىڭ هويلا ـ ئارامى

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئولتۇراق ئۆيگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىگە خاس هويلا ـ ئارام مەدەنىيىتى بەرپا قىلغان. ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەت چۈشەنچىسى، ياشاش ئادىتى، گۈزەللىك قارىشى سىڭىپ كەتكەن.



كۆكچىلىكنى سۆيىدىغان ئۇيغۇرلار ئالدى بىلەن هويلا ـ ئارام بەرپا قىلىدىغان ئورۇندا سۇ بار ـ يوقلۇقىنى ئويلىشىدۇ. سۇيى ئەلۋەك ئورۇننى تاللايدۇ.

① بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى ئوسمان ئىسمائىل تارىم.

ئۆي، هويلا ــ ئارام ئورنىنى بەلگىلىۋالىدۇ. ئۆي سېلىشتىن بۇرۇن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، تۇپراقىقا ماس كېلىدىغان دەرەخ كۆچەتلىرىنى تىكىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ هويلا ــ ئارامى هويلا، ئۆي، باغدىن ئىبا ـ رەت ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ.

هويلىنى قورشاپ سېلىنغان تامغا يولغا قارىتىپ هەر ـ خىل نەقىشلەر ئويۇلغان قوش قاناتلىق دەرۋازا قويۇلىدۇ. دەرۋازا ئالدىغا ئېرىق كەلتۇرۇلۇپ كۆۋرۈك سېلىنىدۇ. ئې ـ رىق بويىغا كۆپىنچە هاللاردا ئۈجمە تىكىلىدۇ، ئۈجمە تۈۋ ـ گە ياز كۈنلىرى سايىداپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن سۇپىچاق (سۆ ـ كىچەك) چىقىرىلىدۇ. ئېرىق قېشىنى بويلىتىپ سۆگەت، تېرەك، سېدە قاتارلىق دەرەخلەر تىكىلىدۇ.

توي ــ تۆكۈن، نەزىر ــ چىراغ، مېھماندارچىلىق ۋە هەر خىل مۇراسىملار هويلا ــ ئارامدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇرلار هويلىنىڭ چوڭ، كۆركەم بولۇشىغا ئالاهىدە ئەھ ـ مىيەت بېرىدۇ. هويلىغا باراڭ ياساپ تال ئۆستۈرىدۇ. قاپاق تېرىپ باراڭغا چىقىرىدۇ. ياز كۈنلىرى باراقسان كۆكلەپ كەتكەن بۇ ئۈزۈم تاللىرى هويلىغا سايە تاشلاپ كىشىگە راهەت بېغىشلايدۇ، ئۇيغۇرلار يەنە هويلىنىڭ مەلۇم بوشلۇ ـ قىغا گۈللۈك ئورنى چىقىرىپ گۈل ئۆستۈرىدۇ ياكى گۈل تەشتەكلىرى قويۇلۇپ، سۆگەتگۈلى، قوغۇنگۈل، ئەتىرگۈل، نامازشام گۈل قاتارلىقلار پەرۋىشلىنىدۇ. بىر قىسىم هوي ـ لىلاردا بولسا ئەنجۈر، ئەينۇلا، كۆكسۇلتان، ئانار، ئالما قا ـ تارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆستۈرۈلىدۇ. باش باهاردىن تا ـ

www.uyghurkitap.com

كى كەچ كۆزگىچە دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ چېچەكلەر ھەر خىل تۈسكە كىرىپ ھويلىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ. ئەگەر دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ پەسكە قارىسا ھويلا خۇددى كې-لىشتۈرۈپ سىزغان ماي بوياق مەنزىرە رەسىمگە ئوخشايدۇ.



ئۆي يەر يۈزىدىن 60 — 70 سانتىمېتىر كۆتۈرۈلۈپ، ئىشىكلىرى جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنىدۇ. بۇ ئۆيلەر ساراي، دەھلىز، قىشلىق ئۆي (كاڭلىق ئۆي)، ئىچ - تاش قازناقتىن تەركىب تاپىدۇ.

ساراي مېھمان باشلايدىغان ئۆي بولۇپ، باشقا ئۆيلەرگە قارىغاندا چوڭ بولىدۇ. ئۈستىنى يېپىشقا خىل ياغاچلار تاللىنىدۇ. جەگە ياغاچ چاسلىنىپ نەقىش ئويۇلغاندىن كېيىن 60 — 70 سانتىمېتىرغىچە ئارىلىق تاشلىنىپ تەكشى قويۇلىدۇ. ئاندىن جىپسىلاشتۇرۇپ قىرىلغان ۋاسا تىزىلىپ ئۈستىگە بورا يېيىتىلىپ يېپىلىدۇ. تامغا تەكچە ۋە مەرەپ تەكچە چىقىرىلىدۇ. تەكچىلەرگە لېگەن، پەتنۇس، تەخسە، چۆگۈن، چىنە - قاچا قاتارلىقلار تىزىپ قويۇلىدۇ. مەراب تەكچىگە يوتقان - كۆرپە، تەكىيە - ياستۇق تىزىلىدۇ. مېھمانخانىنىڭ ئاستىغا كىگىز، گىلەم ئۈستىگە ئايلاندۇرۇلۇپ يېكەنداز سېلىنىدۇ. دەھلىز ئوتتۇرىدىكى ئۆي بولۇپ، يې-



-رىم كارىدورلۇق رول ئوينايدۇ. بۇ ئۆي ياز، كۈزدە يېتىپ - قوپۇش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ. يېرىم سۇپا چىقىرىلىپ زە-دىۋال تۇتۇلىدۇ. قىشلىق ئۆي قىشتا يېتىپ - قوپۇش ئۇ-چۇن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆيگە مورىلىق ئوچاق ياكى كاڭلىق ئوچاق قويۇلىدۇ. قازناق ئىچ - تاش دەپ بۆلۈنىدۇ. تاش قازناقتا يېمەكلىك ۋە تۇرمۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملار ساقلى-نىدۇ. ئىچ قازناق بولسا يۇيۇنۇش، تەرەت ئېلىش، كىيىم يۆتكەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆيگە ئەۋرەز كولىنىپ سۈيى سىرتقا چىقىرىۋېتىلىدۇ. بۇ بىر يۈرۈش ئۆينىڭ هويلا تەرىپىگە پېشايۋان چىقىرىلىدۇ. پېشايۋانغا خىل يا-غاچلار تاللىنىپ بىر ئۈچى ئۆي تېمىغا، يەنە بىر ئۇچى تۈۋرۈككە مىندۈرۈلگەن لىمغا قويۇلىدۇ. جەگە ياغاچ نە-قىشلىنىپ ئۈستىگە ۋاسا تىزىلىپ يېپىلىدۇ. بۇ بىر تە-رەپتىن ئۆينى كۆركەم، ھەيۋەت ھالەتكە كەلتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن يېرىم ئۆيلۈك رول ئوينايدۇ. پېشايۋانغا 40 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە سۇپا چىقىرىلىدۇ. ياز كۈنلىرى ئا-دەتتىكى مېھمانلار سۇپىغا باشلىنىدۇ. يازدا يېتىپ - قو-پۇش پېشايۋاندا بولىدۇ. ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا يازلىق ئاشخانا سېلىنىپ، تۆشۈكلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئاشخانا سايمانلىرى رەتلىك قويۇلىدۇ.

ئۆينىڭ يان ياكى ئارقا تەرىپىگە يەنە بىر هويلا چىقىرى-لىدۇ. بۇ ھويلىغا ئېغىل، كاتەك، سامانلىق، ھاجەتخانا سې-لىنىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى قويۇلىدۇ.

ئۇيغۇرلار باغ خۇمار خەلق بولۇپ، ئۆينىڭ ئارقىسىغا باغ ئەھيا قىلىدۇ. باغقا ئۈرۈك، ئالما، شاپتۇل، نەشپۈت، يا-

ئۈژمە، ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئامۇت، ياڭاق، چىلان، گىلاس قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر تىكىلىدۇ. باغ ئەتراپىنى سوقما تام ياكى جىگدە بىلەن قورشاۋغا ئالىدۇ. باغدا مەلۇم مىقداردا بوش ئورۇن بولۇپ، بۇ يەر «كۆكتاتلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. كۆكتاتلىققا پىياز، سەۋزە، چامغۇر، پەمىدۇر، مۇچ، كۇدە، كاۋا قاتارلىق كۆكتاتلارنى تېرىپ ئۆزلىرى ئىستېمال قىلىدۇ. ئېھتىياجىدىن ئاشقانلىرىنى قولۇم ـ قوشنا، دوست ـ بۇرادەرلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا بېرىدۇ.

باھاردىن تاكى كەچ كۈزگىچە يېشىللىققا پۈركەنگەن هويلا ـ ئارامدا تەبىئەتنىڭ هەر خىل نېمەتلىرى كۆزلەرنى قاماشتۇرسا، پېشايۋانغا ئۆۋا ياسىغان قارلىغاچنىڭ ۋىچىرلاپ سايراشلىرى، دەل ـ دەرەخنى ماكان تۇتقان كەپتەر، كاككۇك، تۇمۇچۇق، قۇشقاچ، تورۇلغىنىڭ ئۇنلەشلىرى، كۆنەك تۇتقان هەرىنىڭ گىڭىلداشلىرى، قوزىلارنىڭ مەرەشلىرى، ئىتلارنىڭ هاۋشىشلىرى ... ئانا تەبىئەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىدۇ ۋە هويلا ـ ئارامنى تېخىمۇ سۆيۈملۈك ماكانغا ئايلاندۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## مۇرەككەپ جۈملە

**ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، مۇرەككەپ ئوي - پىكىرنى بىلدۇ-رىدىغان جۈملىلەر مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن:

قوڭغۇراق چېلىنىپ بولدى، لېكىن ئوقۇغۇچىلار تېخىچە سىنىپ-قا كىرىپ بولالمىدى.

ھەممىمىز ئۆز ئورنىمىزدا رەتلىك ئولتۇرۇپ، مۇئەللىمنىڭ سى-نىپقا كىرىشىنى كۈتتۇق.

مۇئەللىم ناھايىتى روھلۇق ھالدا سىنىپقا كىردى - دە، بىزگە قاراپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ، سۆزىنى باشلىدى.

مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدە ئاز دېگەندە ئىككى ئاددىي جۈملە بو-لىدۇ. مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ھەر خىل ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمىدە ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ.

تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئاددىي جۈملىنىڭ ئاستىغا تۈز سى-زىق، مۇرەككەپ جۈملىنىڭ ئاستىغا دولقۇن سىزىق سىزىڭ.

مەن دېنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇم. مېنىڭ ئاتا - ئانام ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ بىرەرى رەسسامму ئەمەس. دادام ئۆلىما كىشى بولۇپ، يۇرت قازىسى ئىدى. مەن دادامنىڭ ئاتمىشلەرگە كىر-گەندە تۇغۇلغان يالغۇز ئوغلى بولغاچقا، دادام ماڭا تولىمۇ كۆيۈنەتتى. ئىككى ياش ۋاقتىمدا ئانام تۇگەپ كەتكەچكە، مەن ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا چوڭ بولدۇم. ئۆيىمىزدە بىرقانچە ئەۋلاد ئاتا - بوۋىلىرىمىز-

دىن مىراس قالغان ئۈچ يۈز پارچىدىن ئارتۇق كىتاب بار ئىدى. مەن ئاشۇ كىتابلاردىكى رەسىملەرنى كۆرۈشكە بەكمۇ ئامراق ئىدىم. دادام بۇ كىتابلارنى كۆرۈشۈمگە يول قويمايتتى، لېكىن كىتاب ۋاراقلىرى-نىڭ يىرتىلىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆزى ۋاراقلاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى رەسىملەرنى چۈشەندۈرۈپ قوياتتى. مەن بۇ رەسىملەرنى ھەۋەس بىلەن كۆرۈپ، ئۇلارنى دوراپ سىزاتتىم.

تۆۋەندىكى مۇرەككەپ جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ھەربىرىنىڭ قانچە ئاددىي جۈملىدىن تەركىب تاپقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

1) مەي باغلاپ پىشقان ئالمىلارنى كۆرۈپ، توشقان بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە لىككىدە سەكرەپ ئالما دەرىخى ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ ـ دە، ئالمىلارنى ھۇزۇرلىنىپ يېيىشكە باشلاپتۇ.

2) ئاخىر بارات ئاكا ئۇ كىشىنى ياتاقتا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، ئوغلى بىلەن ئارقىسىغا قايتتى ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ سومكىسىنى كۆتۈرۈۋالدى ـ دە، ئۇچەيلەن مېھمانخانىغا قاراپ ماڭدى.

3) ئابدۇرېھىملارنىڭ يېزىسىدا 25 مولۇق بىر باغ بار بولۇپ، باغ-ۋەن مۇسا تاغا ئون نەچچە يىلدىن بېرى مۇشۇ باغدا ئىشلەپ، باغنىڭ ئالاڭ يەرلىرىگە كۆچەت قويۇپ، مېۋىسى ناچارلىرىغا ئەلا سورتلۇق مېۋىلەرنى ئۇلاپ، بۇ باغنى ئاجايىپ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

مۇرەككەپ جۈملە شەكلىدىكى ماقال ـ تەمسىلدىن ئۈچنى يېزىڭ.

______________________________

______________________________

______________________________

www.uyghurkitap.com

# مەشىق باغچىسى

## ئاغزاكى ئالاقە ۋە يېزىقچىلىق مەشقى

بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق مىللىتىمىز ۋە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە بولغان تونۇشىمىز تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ئۆرپ ـ ئادەتكە مۇناسىۋەتلىك تەكشۈرگەن ماتېرىياللىرىمىزنى، ھېس قىلغانلىرىمىزنى رەتلەپ بىر پارچە ئەسەر يېزىپ باقايلى. مىللىي بايراملارنى، ئۆزگىچە كىيىم ـ كېچەكلەرنى، يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى، ئولتۇراقلىشىش ئالاھىدىلىكى، قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى تونۇشتۇرۇپ يازساقمۇ، دەرستىن سىرت كىتابلاردىن ئوقۇغان، زىيارەتتە ھېس قىلغان، كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن چاغدىكى تەسىراتىمىزنى يازساقمۇ بولىدۇ. يېزىپ بولغاندىن كېيىن كىچىك گۇرۇپپىلار ئارا مۇزاكىرىلىشەيلى. يازماقچى بولغان مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۇتقا قىلىپ، مەزمۇننى ئېنىق ئىپادىلەيلى. ۋەكىل سايلاپ سىنىپ ئىچىدە دوكلات قىلايلى. باشقىلارنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىگە ئاساسەن، يازغان ئەسىرىمىزنى تۈزىتەيلى. شارائىت يار بەرسە، سىنىپتىكى ساۋاقداشلار يازغانلىرىمىزدىن، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت توپلىمى تۈزۈپ، ئالاھىدە ماۋزۇ قويۇپ، ئەسكەرتىپ قويايلى.

www.uyghurkitap.com

# ئەسلەش ۋە كېڭەيتىش



## ئالاقە سەھنىسى

**قۇتلۇق:** بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەر بەكمۇ جەلپ قىلارلىق ئىكەن. بىز بۇ تېكىستلەر ئارقىلىق ئوخشاشمىغان جايلاردا ياشاۋاتقان، ئوخشاشمىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن تونۇشتۇق.

**چۇغلۇق:** مەن دەرستىن سىرتقى كىتابلارنى ئوقۇپ، چوڭلاردىن سوراپ، بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرىنى بىلىۋالدىم.

مەسىلەن: خەنزۇلارنىڭ چاغان بايرىمى، موڭغۇللارنىڭ نادام بايرىمى، تاجىكلارنىڭ «پىلىك بايرىمى»، قىرغىزلارنىڭ «شىرنە بايرىمى» ...

**قۇتلۇق:** مېنىڭچە، بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنىڭ يېزىلىشىدىمۇ ئالاھىدىلىك بار ئىكەن. مەسىلەن: بىر قىسىم ئورۇنلاردا ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئاساس قىلىنغان بولسا، يەنە بىر قىسىم ئورۇنلاردا ئىخچام تەسۋىرلەش ئاساس قىلىنغان. بۇ خىل يېزىش ئۇسۇلى مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

**چۇغلۇق:** ئۇنداقتا، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىز بىلەن بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنىڭ يېزىلىش ئالاھىدىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ مۇلاھىزە قىلايلى.

## تىل خەزىنىسى

### شوخ ياشا

— قۇربان ھېيتنى مۇبارەكلەپ

چال ناغراڭنى شادىيانىگە،
ساما سال، ئوينا، قاقاقلا؛
كۈلۈشنى بىلمىگەن بۇرۇقتۇرما،
سۆيۈش دېگەننى بىلمەيدۇ راستتىنلا!
كۈنلەر، ئايلار، يىللار،
بۇ مەرىكە ئۇنىڭ قايمىقى.
سوي قوچقارىڭنى،
تىزىلغاي نېمەتنىڭ بارلىقى.
خەسىدەك كېسىلگەن قىيىقچىلىرىڭ،
ئوخشىغان غۇز ـ غۇز بوغۇرساق بولسۇن.
ئەنجۈر، بېھى مۇراببالىرىڭ،
ئېغىزغا كىرسە ئېرىپ تۇرسۇن.
كەي رەڭگارەڭ تونلىرىڭنى،
بۆكۈڭنى قىرلا.
ئۇششاق ئۆرسۇن چېچىنى قىزلار.
ئادەت بىزنى ئەگەشتۈرىدۇ،
قەبرىلەر كۆزى بىزدە، يوقلا!

— بۇغدا ئابدۇللا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## چېچەن قىز

ئۆتكەن زاماندا بىر تاز بار ئىكەن. ئۇ دائىم ئەسكى تامنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرىدىكەن. بىر كۈنى شۇ مەھەللىدىكى بىر ئادەم ئىڭشىپ، تازنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. تاز دەرھال تامدىن چۈشۈپ ئۇ ئادەمنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىۋېلىپ:

— سەن ناخشامنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتىڭ، ناخشامنىڭ بېلىنى تېپىپ بېرىسەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

— ھازىر قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى. ئارقامدىن ئۆيۈمگە بارغىن، ئاندىن ناخشاڭنىڭ بېلىنى تېپىپ بېرىمەن، — دەپتۇ تازنىڭ جېدىلىدىن بىزار بولغان ھېلىقى ئادەم.

بۇ ئادەمنىڭ بىر چېچەن قىزى بار ئىكەن. قىز دادىسىنىڭ خاپا كەلگەنلىكىنى سېزىپ، سەۋەبىنى سوراپتۇ. دادىسى قىزىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپتۇ. قىزى:

— خاتىرجەم بولۇڭ دادا، ئۇنىڭغا ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن. ئەمما سىز قازناققا كىرىپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ. ئۇنىڭغىچە تاز كىرىپ كەپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قىزغىنەم، — دەپتۇ تاز.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، تازغىنەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز.

— ئاتاڭ قېنى، قىزغىنەم؟

— ئاتام قازناقتا، تازغىنەم.

— قازناقتا نېمە ئىش قىلىدۇ، قىزغىنەم؟

— چاشقاننىڭ مۈڭگۈزىنى ئالغىلى كىرىپ كەتتى، تازغىنەم.

— چاشقاننىڭ مۈڭگۈزى بولامدۇ، قىزغىنەم؟!

— ناخشىنىڭ بېلى بولامدۇ، تازغىنەم؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چېچەن قىز. تازنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ كېتىپ قاپتۇ.

(«ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# قۇتلۇق ئىزلار

قەلبىدە ۋەتەن ئەقىدىسىنىڭ نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان، ئەل ـ يۇرتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان، ئاۋام، پۇقرانىڭ غەم ـ قايغۇسىنى يېيىشنى ئادەت قىلغان، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتى بىلەن تارىخ بېتىدە شانلىق ئىز قالدۇرغان قەھرىمانلارنى ئىپتىخارلىق ئىلكىدە ئەسلىگىنىمىزدە، ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىمىز ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، كۆز ئالدىمىزدا ئىلگىرى ئۆتكەن ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئوغلانلارنىڭ يارقىن سىيماسى گەۋدىلىنىدۇ، ئېسىل پەزىلىتى قەلبىمىزنى يورۇتىدۇ ...

بىز تېكىستلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزئارا سۆھبەتلىشىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىكنىڭ ئىپادىلىرى توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئىگە بولايلى، «يۇرتۇمنى سۆيىمەن» ياكى «خەلقىمنى سۆيىمەن» دېگەن تېمىدا ئەسەر يېزىپ، ئەل ـ يۇرتىمىزغا بولغان ساداقىتىمىزنى ئىپادىلەيلى.



# 10 16 يىل ئاۋۋالقى ئەسلىمە



1927 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مەڭگۈ ئېسىم- دىن چىقمايدىغان بىر كۈن. چۈنكى، شۇ كۈنى دادام زىيانكەشلىككە ئۇچ- رىغان بولۇپ، هازىر ئۇ ئىشقا 16 يىل بولدى.

شۇ يىلى ئەتىيازدا، دادام هەر كۈنى ئۆيگە ناها- يىتى كەچ قايتىپ كېلەت- تى، ئەتىگىنى ئۆيدىن قانداق ۋاقىتتا چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. ئۇ بەزىدە ئۆيدە ئولتۇرۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ كى- تاب - هۆججەتلەرنى رەتلەشكە كىرىشىپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭ كىتاب ۋە خەت يېزىلغان قەغەز پارچىلىرىنى ئوچاق- قا تاشلىشىغا قارىغىنىمچە يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتىم. بىر قېتىم مەن:

— دادا، بۇلارنى نېمە ئۈچۈن بىكاردىن - بىكار كۆيدۈ- رۈۋېتىسەن؟ — دەپ سورىدىم.

دادام بىردەم تۇرۇۋېلىپ:

① بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى لى شىڭخۇا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

— كىرەك بولمىغاندىكىن، كۆيدۈرۈۋېتىمدىغان گەپ.
سەن تېخى كىچىك، بۇ ئىشلارنى چۈشەنمەيسەن، — دەپ
جاۋاب بەردى.

دادام تولىمۇ مېھرىبان ئادەم ئىدى، بىزنى زادىلا تىللى-
مايتتى، بىزگە قول تەگكۈزۈشىدىن تېخىمۇ ئىغىز ئاچقىلى
بولمايتتى. مەن دادامدىن سەبىيلەرچە كۆلكىلىك سوئاللار-
نى سوراشقا ئامراق ئىدىم، ئۇ ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ،
سورىغان سوئاللىرىمغا ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ، سەۋر-
چانلىق بىلەن جاۋاب بېرەتتى. ئەمما نېمىشقىكىن، بۇ قې-
تىم سورىغان سوئالىمغا ئەنە شۇنداق چۈشىنىكسىز جاۋاب
بەردى.

كېيىن ئاپامدىن ئاڭلىسام، مىلىتارىست جاڭ زولىن
تەكشۈرگىلى ئادەم ئەۋەتمەكچى بولغانلىقتىن، دادام پارتىيە
تەشكىلاتىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ئۈ-
چۈن، بەزى كىتاب ۋە ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە مەج-
بۇر بولغانىكەن. ئىككى كۈندىن كېيىن، دەرۋەقە چاتاق
چىقتى. دادامنىڭ سەپدىشى يەن جېنسەن ئەتىگىنى نەرسە-
كېرەك سېتىۋالغىلى كوچىغا چىقىپ كېتىپ، كېچىچە
قايتىپ كەلمەپتۇ، دادام ئەتىسى ئۇنىڭ ساقچى نازارىتى تە-
رىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. بىز ئۇ-
نىڭدىن ئەنسىرەپ تىت - تىت بولۇشقا باشلىدۇق.

ۋەزىيەت بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى،
دادامنىڭ خىزمىتى تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. دوستى-
لىرى ئۇنى بېيجىڭدىن كېتىشكە دەۋەت قىلدى، ئاپاممۇ

نەچچە قېتىم نەسىھەت قىلىۋىدى، دادام كەسكىنلىك بىلەن: «مەن ساڭا بىيجىڭدىن ئوڭايلىقچە كېتىپ قالمايمەن، دەپ نەچچە قېتىم دېمىگەنمىدىم. ھازىر دېگەن قانداق ۋاقىت، بۇ يەردىكى خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ بۇنداق ئەھۋالدا قانداقمۇ بىيجىڭدىن كېتەلەيمەن» دېدى، شۇنىڭ بىلەن، ئاپام بۇ توغرۇلۇق قايتا ئېغىز ئاچمىدى.

قورقۇنچلۇق كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سەھەردە، ئاپام سىڭلىمغا يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ كۆڭۈل ئېچىش مەيدانىنى ئايلاندۇرۇپ كەلگىلى كەتتى. دادام ئۆيدە بىر نەرسە يېزىپ ئولتۇراتتى، مەن سىرتتىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ گېزىت كۆرۈۋاتاتتىم. بىر قىسقا خەۋەرنى ئوقۇپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا، تاپانچىنىڭ «پاڭ ـ پۇڭ» ئاۋازى، ئارقىدىنلا چۇقان ئاڭلاندى.

مەن دەرھال دادامنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن سورىدىم:

ــ دادا، نېمە ئىش بولغاندۇ؟

ــ قورقما، ھېچ ئىش يوق. يۈرە، سىرتقا چىقىپ قاراپ باقايلى.

دادام قىلچە ھودۇقماستىن تارتمىدىن پارقىراپ تۇرغان تاپانچىسىنى ئېلىپ، سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قورۇدىن چىقتىم، ئىككىمىز ۋاقتىنچە بىر خالىي ئۆيگە يوشۇرۇندۇق.

بىردەمدىن كېيىن، سىرتتىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈرىكىم قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى، قورقۇنچ نەزىرىم بىلەن دادامغا قارىدىم.

سىرتتىن بىرىنىڭ: «بىرىنىمۇ قاچۇرۇپ قويماڭلار!» دېگەن قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى. ھايالشمايلا كۆل رەڭ فورما، ئۆتۈك كىيگەن ژاندارمىلار، پۇقراچە كىيىنگەن رازۋېدكىچىلار، قارا فورما كىيگەن ساقچىلار بىز تۇرغان كىچىك ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى. ئۇلار خۇددى بىر توپ ئالۋاستىدەك بىزنى قورشىۋېلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىدا تاپانچا بار بولۇپ، دادام بىلەن ئىككىمىزگە تەڭلەپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا قولغا ئېلىنغان دادامنىڭ سەپدىشى يەن جېنسەن چەمبەرچاس باغلانغان ھالدا تۇراتتى، پۇقراچە كىيىنىۋالغان بىر بودەك ساقچى ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ئارغامچىنى تۇتۇۋالغانىدى.

يۈزىنىڭ گۆشلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن ھېلىقى ساقچى يەن جېنسەنگە دادامنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن:

— ئۇنى تونۇمسەن؟ — دەپ سورىدى.

يەن جېنسەن بېشىنى چايقىدى، ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى يېپىپ تۇرغان يۈزى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىنغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— تونۇمامسەن؟ مانا مەن تونۇيمەن، — ساقچى شۇنداق دېگەچ سەت ھىجىيىپ، قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلدى:

— ئۇنىڭ تاپانچىسىنى تارتىۋېلىڭلار، ئۆلۈۋالمىسۇن يەنە.

ئۇلار دادامنىڭ تاپانچىسىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى باشتىن - ئاياغ ئاختۇرۇپ چىقتى. دادام خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇلارنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويماي مەردانە ھالەتتە تۇراتتى، ئۇلارغا قائىدە سۆزلەپمۇ ئولتۇرمىدى. چۈنكى، دادام ئۇلار - نىڭ ئەسلا گەپ يېمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. رەھىم - سىز قاراقچىلار دادامنى باغلاپ سۆرەپ ماڭدى، مېنىمۇ ئې - لىپ مېڭىشتى. مەن ئېگىز تام بىلەن قورشالغان ساقچى نازارىتىنىڭ قورۇسىدا ئاپام بىلەن سىڭلىمنىڭمۇ تۇتۇپ كېلىنگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇلار بىزنى ئاياللارنى تۇتۇپ تۇ - رۇش ئورنىغا قاماپ قويدى.

ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، دادامنى كۆرەلمىدۇق. بىر كۈنى، چۈشلۈك تاماق يەپ ئول - تۇراتتۇق، ساقچى ئاپام بىلەن ئىككىمىزنى چاقىرىپ قال - دى، ئۇلار بىزنى سوراق قىلماقچى بولغانىدى.

سوتتا دادام بىلەن يۈز كۆرۈشتۇق. دادام ئۇچىسىغا يە - نىلا ھېلىقى كونا كۈل رەڭ كىيىمىنى كىيىۋالغانىدى، بىراق كۆزەينىكى يوق تۇراتتى. ئۇنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرى ئارىسىدا قالغان يۈزىدىن يەنىلا تەمكىنلىك ۋە مېھرىبانلىق چىقىپ تۇراتتى.

مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي دادامنى چاقىردىم. ئاپام يىغلاپ كەتتى، سىڭلىممۇ ئاپامغا ئەگىشىپ يىغلاشقا باش - لىدى.

سوتچى قولىدىكى توقماقنى شىرەگە ئۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— قالايمىقان توۋلاشقا بولمايدۇ.

دادام بىزگە قاراپ قويۇپ گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن مەردانىلىك، سوغۇق قانلىق چىقىپ تۇراتتى، قەلبىدە بىر خىل قۇدرەتلىك كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى، بۇ خىل كۈچ دەل ئۇ ئادەتتە بىزگە دەپ بېرىدىغان ئۇنىڭ ئىنقىلاب ئىشلىرىغا بولغان ئىشەنچ ـ ئىرادىسى ئىدى.

ئۇ ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

ــ ماۋۇ مېنىڭ خوتۇنۇم، بۇ ئىككىسى مېنىڭ قىزلىرىم.

ــ بۇ سېنىڭ چوڭ بالاڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدى سوتچى مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

مەن دادامنىڭ ئاكامنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ سېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئالدىراپ جاۋاب بەردىم:

ــ شۇنداق، مەن بالىلارنىڭ چوڭى.

بۇ ئەقىل بىلەن دادىلىقنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم.

ــ تولا ئاتىكاچىلىق قىلما، ــ سوتچى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ، شىرەگە توقماق بىلەن بىرنەچچىنى ئۇرۇپ قويدى.

دادام شۇئان مەقسىتىمنى چۈشىنىپ:

ــ شۇنداق، ئۇ بالىلارنىڭ چوڭى، ئايالىم يېزىلىق، بالىلىرىم تېخى كىچىك، ئىش ئۇقمايدۇ، مېنىڭ ئىشلىرىم ئۇلار بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز، ــ دېدى ھەمدە بىزگە قاراپ قويدى.

سوتچى بىزنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى بۇيرۇدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلىپ، دادام بىلەن ئەنە شۇنداق ئالدىراشلا خوشلاشتۇق. بۇنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق دىدارلىشىش بولۇپ قېلىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم.

28 ـ چېسلا قاش قارايغاندا، ساقچىلار بىزگە نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كېتىشىمىزنى ئۇق ـ تۇردى.

ئۆيگە قايتىپ كەلگىچە كەچ بولۇپ كەتكەنىدى. ئەتىسى تاغام كوچىغا گېزىت سېتىۋالغىلى چىقىپ كېتىپ، يىغىـ لىغىنىچە قايتىپ كىردى، ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان قولىدا بىر پارچە گېزىت تۇراتتى، مەن گېزىتنى قولۇمغا ئېلىپ «لى داجاۋ قاتارلىق ئىنقىلابچىلارغا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىندى» دېگەن چوڭ خەتلەرنى كۆردۈم، شۇئان كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، كارىۋاتقا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم، ئاپاممۇ بۇ قاباھەتلىك خەۋەرنى ئاڭلاپ ئارقا ـ ئار ـ قىدىن ئۈچ قېتىم ھوشىدىن كەتتى.

ئاپام خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، بوش ئاۋازدا مەندىن: «تۇنۇگۇن چېسلاغا قانچىتى؟ ئې ـ سىڭلاردا بولسۇن، تۇنۇگۇن داداڭلار زىيانكەشلىككە ئۇچرى ـ غان كۈن» دېدى.

مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتىم، ھېلىقى گې ـ زىتنى قولۇمغا ئېلىپ، چىشىمنى چىشىمغا چىشلەپ تۇرۇپ يەنە بىر قېتىم تەستە ئوقۇپ چىقتىم ھەمدە ئاپامغا پەس ئاۋازدا: «ئاپا، تۇنۇگۇن 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى» دېدىم. ئاپام بىلىنەر ـ بىلىنمەس بېشىنى لىڭشىتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



1 تېكىستنى ئىچىمىزدە ئوقۇپ، ئۇنىڭدا ۋاقىت تەرتىپى بويىچە قايسى ئىشلارنىڭ بايان قىلىنغانلىقىنى، قايسى ئىشنىڭ بىزدە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىنى سۆزلەيلى.

2 تېكىستتىن «شۇ يىلى ئەتىيازدا، دادام ھەر كۈنى ئۆيگە ناھايىتى كەچ قايتىپ كېلەتتى، ئەتىگىنى ئۆيدىن قانداق ۋاقىتتا چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم» دېگەنگە ئوخشاش مەنىسى چوڭقۇر جۈملىلەرنى تاپايلى، ئاندىن بۇ جۈملىلەردىن قانداق تەسىراتقا كەلگەنلىكىمىزنى سۆزلەپ باقايلى.

3 تېكىستنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈچ ئابزاسنىڭ باشتىكى مەزمۇن بىلەن قانداق باغلىنىشى بار؟ سىزنىڭچە، بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

4 تېكىستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇپ، خاتىرىلىۋېلىشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان سۆز ـ جۈملىلەرنى كۆچۈرۈۋالايلى.

سىز «ئادەمنى ئاساس قىلىش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى قانچە-
لىك چۈشىنىسىز؟ بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇلۇغ
ھۆكۈمدار سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ پۇقرالارنىڭ كۆڭلىنى قاد-
چىلىك چوڭقۇر چۈشىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ئىززى-
تىنى قانچىلىك ئاسرايدىغانلىقىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ھەرقانداق
ئىشتا ئادەمنى ئاساس قىلىشنىڭ تولىمۇ ئالىيجاناب روھ ئىكەنلىكى-
نى ھېس قىلىپ بېقىڭ.

## 11* پۇقرانىڭ كۆڭلى

مىلادىيە 950 - يىللىرى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان زاما-
نىدا قاراخانىيلار خانلىقى تازا گۈللەنگەن بولۇپ، ئاۋام
پۇقرانىڭ كۆڭلى شادلىققا تولغانىدى. ھەممە كىشى بۇغرا-
خاندىن مىننەتدار بولۇپ، ئۇنىڭ سەلتەنەتىنىڭ چەكسىز،
سالامەتلىكىنىڭ ئامان - ئېسەن بولۇشىنى تىلەيتتى.

شۇ زاماندا شەھەر - بازارلاردىن ناھايىتى يىراق، تەكلى-
ماكان قۇملۇقىنىڭ چېتىدىكى ئاندا - ساندا توغراق ۋە
يۇلغۇنلار بىلەن كۆكىرىپ تۇرىدىغان بىر خىلۋەت جايدا تو-
لىمۇ ئاق كۆڭۈل بىر جۈپ بوۋاي - موماي تۇرىدىكەن.
ئۇلار ئايدا - يىلدا بىرەر قېتىم ئۆتۈپ قالىدىغان مالچىلار
ياكى سەييارە سودىگەرلەردىن باشقا كىشىلەرنى ئاساسەن
كۆرمەيدىكەن. ئۇلار ئاددىي بىر كەپىدە تولىمۇ غورىگىل
تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۇلار يىل بويى ئون - يىگىرمە

① بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى يالقۇن روزى.

ئۆچكىسى بىلەن ئون نەچچە توخۇسىنى بېقىپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇلارنىڭ كەپىسىنىڭ يېنىدا يىلدا بىر - ئىككى قېتىم كېلىدىغان كەلكۈن تاشقىنىدا تۇشۇپ قالىدىغان بىر كۆل بار ئىكەن. بۇ كۆلنىڭ سۈيى ئەتىيازدا چۆلنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا چاۋار - چاتقالغا تولۇپ كەتسە، كۈزدە توغراقنىڭ سارغىيىپ تۆكۈلگەن يوپۇرماقلىرى بىلەن چۈمكىلىپ كېتىدىكەن. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ كۆل بۇ ئاق كۆڭۈل بوۋاي بىلەن موماينىڭ ھەم ئۇلارنىڭ جان - جانىۋارلىرىنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدىن جاھان كۆرگەن بىر سەييارە سودىگەر ئۆتۈپ قاپتۇ. ئۇ گەپ ئارىلىقىدا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي تەرىپلەپ بوۋاي بىلەن موماينىڭ قەلبىنى ھاياجانغا چۆمدۈرۈۋېتىپتۇ. ئەتىسى سەھەردە سەييارە سودىگەر يايمىسىنى يىغىشتۇرۇپ، تۆت تۆگىسىنى يېتىلەپ باشقا مالچىلار بار جايلارغا راۋان بوپتۇ. سودىگەر كەتكەندىن كېيىن بوۋاي بىلەن موماي بوشاپ قالغان كەپىسىدە ئولتۇرۇپ مۈگدىشىپ قاپتۇ.

— بۇغراخان بىزنىڭ مۇشۇ يەرلەردىن ئۆتۈپ قالغۇدەك بولسا، ئوبدان بىر مېھمان قىلىۋالغان بولساق ئەجەب ياخشى بولاتتى - ھە؟ — دەپتۇ موماي.

— قارىسام كۆلدىكى بېلىقلار چوڭ بولۇپ قاپتۇ، بېلىق كاۋىپى بىلەن كۈتۈۋالغان بولساق - ھە؟ — دەپتۇ بوۋاي.

— بۇغراخان نېمە ئىچىدىغاندۇ؟ ئۇ كىشىنىڭ بىزنىڭ-

كىچىلىك بىر كۆلى بارمىدۇ ـ ھە؟ ــ دەپتۇ ساددا موماي.

ــ بولمىسا، كۆلنىڭ سۈيىدىن بىر قاپاق ئېلىپ بۇغراـ خانغا سوۋغا قىلساقمىكىنىيا!؟ ــ دەپتۇ بوۋاي.

شۇنداق قىلىپ بوۋاي بىلەن موماي ئاخىر بىر قاپاق كۆل سۈيىنى بۇغراخانغا ئاپىرىپ بەرمەكچى بولۇپ پۈتۈشۈپتۇ، ئەل ئۆمرىدە بىرەر شەھەر كۆرۈپ باقمىغان بوۋاي بىر قاپاق سۇنى ئۆشنىسىگە ئارتقىنىچە قاراخانىيلارنىڭ ئاستانىسى قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. مومىيى دۇئا قىلغىنىچە ئۆيىگە قاراپ قاپتۇ. بوۋاي ئون نەچچە كۈن يول يۈرۈپ قەشقەرگە يېرىم كۈنلۈك يول قالغاندا بىر قويۇق جاڭگالدا ئالدىدىن چىققان تولۇق قوراللانغان بىر توپ ئاتلىق كىشىـ لەرگە ئۇچراپ قاپتۇ. بۇ ئاتلىق كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىـ دىكى ئاق ئارغىماققا مىنگەن، ئوتتۇرا ياشلىق، سۆلەتلىك كىشى دەل سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بولۇپ، بۇغراخان بىر قىسىم ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە نۆكەرلىرى بىلەن شىكارغا چىققانىكەن. بۇغراخان باشلىق ئاتلىق كىشىلەر بوۋايغا قىـ زىقسىنىپ قاراپ، سالام بېرىپتۇ، بۇغراخان بوۋايدىن نەدىن كەلگەنلىكىنى، نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ. بوۋاي مەقسىتىنى بىرمۇبىر ئېيتىپ بېرىپتۇ.

بۇغراخان بۇ ساددا بوۋاينىڭ تولىمۇ ئاق كۆڭۈل كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى دېمەسـ تىن:

ــ قاپىقىڭىزدىكى سۇنى تېتىپ باقسام بولامدۇ، بوۋا، ــ دەپتۇ. بوۋاي، بۇغراخانغا قوش قوللاپ قاپاقنى سۇنۇپتۇ.

بۇغراخان قاپاقنىڭ مەدىكىنى تارتىپ قاپاقنى ئاغزىغا يېقىن ئەكەلگەنىكەن، ئىچىدىن گۈپپىدە بەتبۇي پۇراق پۇراپتۇ. ھەممىنى چۈشەنگەن بۇغراخان بوۋايغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئۆزلىرى قەشقەرگە بارمىسىلا، سەۋەبى شۇكى، بىر ھەپتە بولدى قەشقەردە ۋابا كېسىلى تارقىلىپ، قەشقەر ئا-ھالىسى شەھەرنى تاشلاپ ئەتراپقا قاچقىلى تۇردى. بىزمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن. بۇغراخانمۇ نەچچە كۈن ئىلگىرى كۆچۈپ كەتكەن. بىز پات ئارىدا خان بىلەن تېپىشىمىز. سوۋغىڭىزنى بىزگە ئامانەت قىلىڭ. بىز تاپشۇرۇپ قويايلى. سىزمۇ بالدۇرراق ئۆيىڭىزگە قايتىپ كېتىڭ، — دەپتۇ - دە، بوۋايغا ياخشى بىر جۈپ ئۆتۈك ۋە بىر خالتا قەنت - گېزەك بېرىپتۇ. نائىلاج قالغان بوۋاي قاپاقنى قالدۇرۇپ، ئۆتۈكنى



كېيىپ، قەنت ـ گېزەك خالتىسىنى ئۆشنىسىگە ئارتقىنىـ چە ئۆيىگە قاراپ راۋان بوپتۇ. بوۋاي كەتكەندىن كېيىن بۇغراخاننىڭ ھەمراھلىرى ھەيران بولۇپ بۇغراخاندىن:

ــ سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ بۇنداق يالغاننى توقۇشىدىكى سەۋەب نېمىكىن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھەمراھلىرىغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

ــ ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ بۇ بوۋاي جاھان كۆرمىگەن، ساددا، ئەمما يۈرىكى تولىمۇ پاكىز كىشى ئىكەن. ئۇ كۆڭـ لىدە ئۆيىنىڭ يېنىدىكى كۆل سۈيىنى جاھاندا يوق دېگۈدەك نېمەت ھېسابلايدىكەن. مۇبادا ئۇ قەشقەرگە بېرىپ قالسا، تۈمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىدا جۇش ئۇرۇپ ئېـ قىۋاتقان غول سۇنى كۆرسە، ئۆزىنىڭ بەكمۇ ساددىلىق قىلـ غانلىقىنى چۈشىنىپ ئۇيىلىپ، كۆڭلى لەت بولۇپ قالىدۇ. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ لەت بولۇپ قېلىشىنى خالىمىدىم. شۇڭا بۇ بوۋاينىڭ ئۆز سوۋغىسىنى ئېسىل بىلگىنىچە خۇـ شال ھالدا يۇرتىغا قايتىپ كېتىشىنى توغرا تاپتىم، ــ دەپتۇ.

بۇغراخاننىڭ ھەمراھلىرى ئۆز شاھىنىڭ پۇقرانىڭ كۆڭلىنى ئۇلۇغ بىلىدىغان بۇ خىل ئالىيجانابلىقىدىن قاتـ تىق تەسىرلىنىپتۇ.

# 12 خەلقنىڭ غەمگۈزارى

1947 - يىلى قالىبېك [2] گومىنداڭنىڭ قۇتراتقۇسى بىلەن ساۋەندە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ئەمما، ئۇ بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەخمەتجان قاسىمى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان خەلقتىن هال سوراش ئۈچۈن ساۋەنگە قاراپ يولغا چىقتى.

«ئەخمەتجان قاسىمى كېلىدىكەن» دېگەن خەۋەر ساۋەنگە پۇر كەتتى. بىر دەمنىڭ ئىچىدە خەلق ۋەكىل قىلىپ سايلىغان يۈزدىن ئارتۇق كىشى ئەخمەتجان قاسىمىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن تەشكىللەندى. ساۋەندە چوڭراق بىرەر كۆلۈبمۇ يوق ئىدى. ۋەكىللەر قېلىن قاردىن كېيىنكى قاتتىق شىۋىرغانغا پىسەنت قىلماي ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك رەھبىرىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى. ئۇلار ئاندا - ساندا ئۆتكەن ئاپتوموبىللارغا قاراپ يۈگۈرەيتتى، ئەمما ئۇلاردا ئەخمەتجان قاسىمى يوق ئىدى. كىشىلەرنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ تۇرغاندا، بىر يۈك ئاپتوموبىلى كېلىپ توختىدى. ھەممە كىشى ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. لېكىن، كابىنكىدىن ئىككى قازاق بوۋاي چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن شوپۇر چۈشتى.

---

① بۇ ئەسەر «ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايىلەر» ناملىق كىتابنىڭ 1 - قىسمىدىن ئېلىندى.

② قالىبېك 1946 - يىلى «11 بىتىم» ۋاقتىدا ساۋەنگە هاكىم بولغان. كېيىن گومىنداڭنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش بېرىپ قۇتراتقۇسى بىلەن ساۋەندە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى توپىلاڭ قوزغاپ، خەلقنى خانىۋەيران قىلغان.

ۋەكىللەر ئەخمەتجان ئەپەندى كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىغان پەيتتە، ئاپتوموبىلنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان يۈكنىڭ ئارىسىدىن كالتە كەمزۇل بىلەن قارا توپە كىيگەن، خۇش چىراي كىشى كۈلۈمسىرەپ چۈشۈپ كەلدى.

— ئەنە، ئەخمەتجان ئەپەندىم! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى توپ ئالدىدىكى بىر كىشى. ئۇنىڭ بۇ ئاۋازى ئەتراپنى لەرزىگە سالدى.

كىشىلەر گۇررىدە كېلىپ، ئەخمەتجان قاسىمىنى ئورىۋالدى ۋە بۇ سۆيۈملۈك رەھبەرنى ئالدىن تەييارلانغان بىر ئۆيگە باشلاپ ماڭدى. ئۇ ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا ھەممە ۋەكىللەر بىلەن دېگۈدەك قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۆيگە كىرىپ سۇپىنىڭ قىرىدىلا ئولتۇرۇپ، ئۆتۈكىنى يەشمەكچى بولدى. ئىككى ئادەم ئۇنىڭ ئۆتۈكىنى تارتىپ قويماقچى بولۇۋىدى، ئۇ رەت قىلدى. بىر



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قولى بىلەن يەرنى تىرەپ تۇرۇپ، بىر قولى بىلەن ئۆتۈكىنى تارتتى. ئەپسۇسكى، پايتىمىسى پۇتۇنلەي ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ۋەكىللەر ھەيران بولۇشۇپ نېمە بولغانلىقىنى قايتا - قايتا سوراشتى، لېكىن ئەخمەتجان قاسىمى كۈلۈپ قويۇپ، جاۋاب بەرمىدى. ھېلىقى ئىككى قازاق بوۋاي بىلەن شوپۇر ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

ئەسلىدە ئەخمەتجان قاسىمىنى ئېلىپ ماڭغان ئاپتوموبىل ياماتۇ يولى بىلەن ماڭغانىدى. ھاۋا سوغۇق بولغانلىقتىن، ئەخمەتجان قاسىمى ھېلىقى ئىككى بوۋاينىڭ بىرگە ئۆزىنىڭ بۆرە تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىسىنى كىيدۈرۇپ، ھەر ئىككىسىنى كابىنكىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئۆزى كالتە كەمزۇل بىلەنلا ئاپتوموبىلدىكى يۈكنىڭ ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ. ئاپتوموبىل يولدا كېتىۋېتىپ ئېرىققا پېتىپ قاپتۇ. ئەخمەتجان قاسىمى پىيمىسى بىلەنلا سۇ كېچىپ ئاپتوموبىلنى چىقىرىشقا ھەمكارلىشىپتۇ. ئاپتوموبىل چىققاندىن كېيىن ئۇ قونچىغىچە سۇ بولۇپ كەتكەن پىيمىسىنى سېلىۋېتىپ ئۆتۈكىنى كىيىۋالغانىكەن.

— پۇتىنى ئۈششۈتۈپ قويغىلى تاس قاپتۇ - دە، — دېيىشتى ۋەكىللەر كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان بۇ سۆيۈملۈك رەھبەرگە كۆيۈنگەن ھالدا.

— بۇ ھېچقانچە گەپ ئەمەس، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى كۈلۈمسىرەپ، — ئۆز كىشىلىرىمىزنىڭ بۇنچىلىك ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرەلمىسەك، شۇنچىلىك جاپادا بىللە بولالمىساق، ئىتتىپاقلىشالمىساق، ئازادلىقنى قانداق قولغا كەلتۈرەلەيمىز؟



1) تېكىستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇيلى ۋە تۆۋەندىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشەيلى.

1) تېكىستتىن كىشىلەرنىڭ ئەخمەتجان قاسىمىنى كۈتۈش جەريانىدىكى كەيپىياتى تەسۋىرلەنگەن جۈملىلەرنى تاپايلى. (كىشىلەر نېمە ئۈچۈن شۇنداق كەيپىياتتا بولىدۇ؟)

2) ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئىپادىلەنگەن جۈملىلەرنى كۆچۈرۈۋالايلى. (ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىدىن ئۇنىڭ قانداق ئالىيجاناب پەزىلەتنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ؟)

2) توپلىغان ماتېرىياللىرىمىزغا ئاساسەن «ئەخمەتجان قاسىمى» نىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىش ـ پائالىيەتلىرى توغرىسىدا سۆزلىشىپ باقايلى.

## ماتېرىيال خالتىسى

ئەخمەتجان قاسىمى 1914 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1944 ـ يىلى ئىلىدا قوزغالغان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا قاتناشقان ۋە كېيىن ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان. ئۇ قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ خەلقنى باتۇرلۇق بىلەن ئالغا يېتەكلىگەن. نەتىجىدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى ئارقىمۇئارقا ئازاد قىلىنغان.

1949 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئەخمەتجان قاسىمى تۆت سەپدىشى بىلەن جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى ۋە دۆلەت قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋاتقاندا، ئايروپىلان چۈشۈپ كېتىپ، بەختكە قارشى ۋاپات بولغان.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

جۇ ئېنلەي زوڭلى ھايات ۋاقتىدا «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلاي-لى» دېگەن خەت يېزىلغان ئىزناكنى تاقىۋېلىشنى ياخشى كۆرەتتى، ھەمدە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرغانىدى. تۆۋەندە بېرىلگەن ئەسەرنى ئوقۇپ، تېپى-كىستىتە جۇ زوڭلىنىڭ بىر كېچىدىكى خىزمىتى قايسى جەھەتلەردىن بايان قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ كۆرەيلى. بىزنى تەسىرلەندۈرگەن سۆز - جۈملىلەرنىڭ ئاستىغا سىزىپ، قايتا - قايتا ئوقۇيلى، شۇنداقلا تە-سىراتىمىزنى سۆزلەپ باقايلى.

## 13* بىر كېچىدىكى خىزمەت

جۇ زوڭلى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر 1 - قۇرۇلتىيىغا دوكلات بەردى. «خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بۇ دوكلاتنى ئېلان قىلماقچى بولۇۋىدى، مەن دوكلاتنى رەتلەپ، كوپىيىسىنى كۆرۈپ چىقىشى ئۈچۈن جۇ زوڭلىغا يەتكۈزۈپ بەردىم.

بىر كۈنى، زوڭلى ئىشخانىسى ماڭا جۇڭنەنخەيدىكى دۆ-لەت مەمۇرىي كېڭىشىگە بېرىشىمنى ئۇقتۇردى. مەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. ئىشخانا سارايدەك چوڭ ئىدى، ئۆي-دىكى جاھازلار تولىمۇ ئاددىي بولۇپ، كىچىككىنە يېزىق ئۈستىلى، ئىككى دانە كىچىك ئايلانما ئورۇندۇق ۋە بىر دانە ئۈستەل چىرىغىلا بار ئىدى. زوڭلى مېنى كۆرۈپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى دۆۋىلىنىپ كەتكەن ھۆججەتلەرنى كۆرسىتىپ:

— بۈگۈن ئاخشام بۇ ھۆججەتلەرگە تەستىق سېلىشىم كېرەك. سىلەر يەتكۈزۈپ بەرگەن دوكلاتنى ئەڭ ئاخىرىغا

---

① بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى خې چىفاڭ.



قويۇپ قويدۇم. سىز ئاراتام نۆۋەتچىلەر ئىشخانىسىغا چىقىپ ئۇخلىۋېلىڭ، ۋاقتى كەلگەندە سىزنى چاقىرىمەن، — دېدى.

مەن نۆۋەتچىلەر ئىشخانىسىغا چىقىپ كەتتىم. قانچە ۋاقىت ئۆتتىكىن، نۆۋەتچى يولداش:

— سىزنى زۇڭلى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى مېنى ئويغىتىپ.

مەن دەرھال ئورنۇمدىن قوپۇپ، ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلىغىنىمچە، زۇڭلىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. زۇڭلى مېنى ئۇستىلىنىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ، مەن رەتلەپ چىققان دوكلاتنى ئۆزى بىلەن بىرلىكتە كۆرۈپ چىقىشىمنى ئېيتتى. بۇ، مېنىڭدىن مەسلىھەت سورىماقچى بولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ دوكلاتنى جۈملىمۇ جۈملە ئوقۇدى، بىر جۈملىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، شۇ جۈملىنىڭ ئاخىرىغا كىچىك چەمبىرەك سىزىپ قوياتتى. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇنداقلا ئوقۇپ قويمايتتى، بەلكى ئوقۇغاچ پىكىر يۈرگۈ-زەتتى، بەزىدە قەلىمىنى توختىتىپ ئويلىناتتى، بەزىدە مېنىڭدىن بىر - ئىككى ئېغىز گەپ سورايتتى. كېچە جىمـجىت ئىدى، خېلى ئۇزاقتىن كېيىن، ئۇ ماقالىنى كۆرۈپ بولۇپ ماڭا بەردى.

بۇ چاغدا، نۆۋەتچىلەر ئىشخانىسىدىكى يولداش ئىككى ئىستاكان هورى چىقىپ تۇرغان كۆك چاي، كىچىك تەخسىدە خاسىڭ ئېلىپ كېلىپ، ئۈستەلگە قويدى. زۇڭلى مېنى ئۆزى بىلەن بىرلىكتە چاي ئىچىشكە، خاسىڭ يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. خاسىڭ كۆپ ئەمەس، سانىۋالغۇدەكلا ئىدى، گويا بۇگۈن بىر ئادەم قوشۇلغانلىقى تۈپەيلىدىن كۆپەيتىلگەندەكمۇ قىلمايتتى. بىز چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندا خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بېرىپ ئارام ئالاي، — دېدى زۇڭلى ئورنىدىن تۇرۇپ، — چۈشتىن ئىلگىرى ئۇخلىۋالسام، چۈشتىن كېيىن قاتنىشىدىغان يەنە پائالىيەت بار. سىزمۇ قايتىپ ئۇخلىۋېلىڭ.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ كىچىك ئايالنىما ئورۇندۇقنىڭ يۇقىرى تەرىپىنى قىسىۋېلىپ قويۇپتىكەنمەن، جۇ زۇڭلى كېلىپ ئورۇندۇقنى ئوڭشاپ قويۇپ، ئارقىغا ئۆتۈپ كەتتى.

قايتىپ كېتىۋېتىپ ئۆز - ئۆزۈمگە: «مانا بۇ بىزنىڭ يېڭى جۇڭگونىڭ زۇڭلىسى. مەن ئۇنىڭ بىر كېچىدىكى خىزمىتىنى كۆردۈم. ئۇ نېمىدېگەن جاپاكەش، نېمىدېگەن

ئاددىي ـ سائددا ـ ھەھ!» دەۋەتتىم.

مەن ئۆزۈمگە بىرنەچچە قېتىم شۇنداق دەپ بولۇپ يەنە پۈتۈن دۇنياغا جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن، گويا ئاۋازىمنى پۈتۈن دۇنيا ئاڭلايدىغاندەك: «قاراڭلار، مانا بۇ بىزنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ زۇڭلىسى. مەن ئۇنىڭ بىر كې-چىدىكى خىزمىتىنى كۆردۈم. ئۇ ھەر ئاخشىمى ئاشۇنداق ئىشلەيدۇ. سىلەر مۇشۇنداق زۇڭلىنى كۆرگەنمۇ؟» دېگۈم كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئۇيغۇر تىلى مۇنبىرى

### مۇرەككەپ جۈملىلەرنىڭ تىنىش بەلگىسى

تۆۋەندىكى مۇرەككەپ جۈملىلەرنى ئوقۇپ، تەركىبىدە قانچە ئاددىي جۈملە بارلىقى ھەم ئاددىي جۈملىلەرنىڭ قانداق باغلىنىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى.

1) بوۋاينىڭ تېنى ئاجىزلاپ، نۇرغۇن ئىشلار ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بىر ئىش ھېلىھەم تاشقا ئويغان مۆھۈردەك ئېسىدە روشەن ساقلانماقتا.

2) ئازاد كىتابنى قولىغا ئالدى ـ دە، شارىلداپ ئوقۇشقا باشلىدى.

3) ئۇ ئەدەپ بىلەن ئىشخانىغا كىردى ۋە قولىدىكى ئىلتىماسنى ئوقۇتقۇچىغا سۇندى.

مۇرەككەپ جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ئادەتتە «ھەم، ۋە، لېكىن، بىراق، ئەمما، شۇڭا، شۇڭلاشقا، چۈنكى، ئۈچۈن، بىلەن» دېگەنگە ئوخشاش باغلىغۇچىلار بىلەن، شۇنىڭدەك «ـدا، ـدە، ـتا، ـتە، ـسا، ـسە، ـدەك، ـتەك، ـغىچە، ـقىچە، ـگىچە، ـكىچە، ـلىقتىن، ـلىكتىن، ـغاچقا، ـقاچقا، ـگەچكە، ـكەچكە، ـپ، ـىپ، ـۇپ، ـۈپ، ـكى» قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمىدە بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

1) مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئادەم ئۆزىگە ئىشىنىشى ھەم تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

2) ئەگەر نوقۇل ئۇنۇمىنىلا ئويلاپ، ئەخلاق قارىشىغا سەل قارالسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ ئەخلاق ئېڭىنىڭ تۆۋەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

3) شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇلار مېۋە بەرمەيدىغان مېۋىلىك دە-رەخقە ئوخشايدۇ.
4) بۆرە ئۆزىدىن كۈچلۈك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولغاندا، چوقۇم كوللېكتىپ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ.
5) ئىشخانا ئىشىكى ئېچىلىپ، ئىشخانامغا باج فورمىسى كە-يىۋالغان بىرى كىرىپ كەلدى ۋە پارقىراق سومكىسىدىن بىر ئەدەبىي ژۇرنالنى چىقاردى ـ دە، ئەدەپ بىلەن ماڭا ئۇزاتتى.
6) ئوڭ قولۇمنىڭ بارماقلىرى تېڭىقلىق بولغاچقا، قەلەمنى سول قولۇمغا ئېلىپ، ئالدىرىماي يېزىشقا باشلىدىم.

بەزىدە مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ھېچ-قانداق باغلىغۇچى ۋە قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمىسىزمۇ ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىۋېرىدۇ.
مەسىلەن:
كۆز كەلدى، ھاۋا سوۋۇشقا باشلىدى، يازدىكى ياپيېشىل مەنزىرى-لەر ئالتۇن رەڭ تۇسكە كىردى.

مۇرەككەپ جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر بىر-بى-رىدىن پەش ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلىدۇ. لېكىن، مۇرەككەپ جۈملە-نىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر «ۋە، ھەم، ياكى» باغلىغۇچىلىرى بىلەن باغلىنىپ كەلگەندە، ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا پەش قويۇلمايدۇ. «ۋە، ھەم، ياكى» باغلىغۇچىلىرىدىن باشقا باغلىغۇچىلار ۋە قوشۇمچىلار بىلەن باغلىنىپ كەلسە، ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئوتتۇ-رىسىغا پەش قويۇلىدۇ.
مەسىلەن:
1) مۇئەللىمنىڭ ماڭا ئىشىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم ھەم ماڭا يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر قېتىم پۇرسەت بېرىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتىم.

2) مەن زور جۈرئەت بىلەن قولۇمنى كۆتۈرۈپ، مۇئەللىمگە ئۇ-مىد بىلەن قارىدىم، لېكىن مۇئەللىم باشقا بىر ئوقۇغۇچىنى سۆز-لەشكە بۇيرۇدى.

3) بۇ ئىشتىن شۇ نەرسىنى ھېس قىلدىمكى، ئۆزىگە ئىشىنىش بەك مۇھىمكەن.

تۆۋەندىكى مۇرەككەپ جۈملىلەرنى ئوقۇپ، تەركىبىدە قانچە ئاد-دىي جۈملە بارلىقىنى ھەم ئاددىي جۈملىلەرنىڭ قانداق باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

1) مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۇم ھەم بۇ ئىش توغرۇلۇق پاراڭلاش-تىم.

2) مەكتەپ بىلەن ئۆيىمىزنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق بولۇپ، نەچچە مەھەللىنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى.

3) ئۇلار بىلەن تېڭ تۇرۇپ ئۇرۇشالمىغاچقا، ئۇلارغا يالۋۇراتتىم ياكى قېچىپ كېتەتتىم.

4) ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇش سۈرئىتى بەك تېز بولغاچقا، مەن بىر بەت ئوقۇپ بولغىچە، ئۇ ئىككى بەت ئوقۇپ بولاتتى.

5) مەن مىدىرلىماقچى بولدۇم ـ يۇ، شۇئان قولۇمغا ئاسما ئوكۇل ئېسىقلىق ئىكەنلىكىنى سېزىپ، بوش ئاۋازدا ئىڭرىدىم.

تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، مۇرەككەپ جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ئوتتۇرىسىغا پەش قويۇشقا تېگىشلىك ئورۇنلارغا پەش قويۇڭ ھەم پەش قويۇشقا بولمايدىغانلىرىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

مەن سەھرانى سۆيىمەن. مەن سەھرادا تۇغۇلۇپ سەھرادا چوڭ

بولغان، كىچىك قېنىم سەھرانىڭ خاسىيەتلىك تۇپرىقىغا تۆكۈل-گەن. گەرچە يۇرتۇمنىڭ سۈيى لاي بولسىمۇ ئىچسەم يۈرىكىم تېنىم ياپراپ ۋۇجۇدۇم بىر خىل شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمۈلىدۇ.

مەن سەھرانى سۆيىمەن. سەھرانىڭ ئاق كۆڭۈل، مېھنەتكەش دېھ-قانلىرىنى تېخىمۇ سۆيىمەن. ئۇلار يىل بويى تىنىم تاپماي ئىشلىسى-مۇ ھېرىپ چارچاشنى بىلمەيدۇ، قىلغان ئەمگىكىگە ھەرگىز مىننەت قىلمايدۇ.

ئەي، ئانا سەھرا، مەن چوقۇم تىرىشىپ ئۆگىنىپ تۆھپىكار باغ-ۋەن بولۇپ قوينۇڭنى باغۇبوستانغا ئايلاندۇرىمەن.

تۆۋەندە بېرىلگەن ئاددىي جۈملىلەرنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈپ، مۇ-رەككەپ جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ يېزىڭ ھەم تىنىش بەلگىسىگە دىققەت قىلىڭ.

ئۇ كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىدى
مەسىلىنى توغرا ئىشلەپ چىقاردى
بالىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى

________________________________________

________________________________________

________________________________________

مۇرەككەپ جۈملە شەكلىدىكى ئەقلىيە سۆزدىن ئىككىنى يېزىڭ.

________________________________________

________________________________________

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەشىق باغچىسى

## ئاغزاكى ئالاقە ۋە يېزىقچىلىق مەشقى

### ئاغزاكى ئالاقە

«ئۆز كىشىلىرىمىزنىڭ بۇنچىلىك ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرەلمەسەك، شۇنچىلىك جاپادا بىللە بولالمىساق، ئازادلىقنى قانداق قولغا كەلتۈرەلەيمىز.» «خەلقنىڭ غەمگۇزارى» دېگەن تېكىستتە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ خەلقنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خەلق بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئالىيجاناب پەزىلىتى ھەممەيلەننى تەسىرلەندۈردى. غايە ــ ئىنسانلارغا يول باشلىغۇچى ماياك. ھەممەيلەننىڭ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق غايىسى بار. ئۆز غايىمىز توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلىنىۋالايلى. سۆزلىمەكچى بولغان نۇقتىلارنى بەلگىلەپ ئاددىي تېزىس تۈزۈۋالايلى، ئاندىن ئۆزىمىز ياخشى كۆرگەن ئۇسۇلدا غايىمىزنى ئوتتۇرىغا قويايلى. ئاۋۋال گۇرۇپپىلار ئارا مۇزاكىرىلىشىپ، ئاندىن ۋەكىل سايلاپ سىنىپ ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويساقمۇ بولىدۇ. سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئۆز غايىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىمىز ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشەيلى. غايىمىز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، باشقىلارغا مەنپەئەت بېرەلەيدىغان بولسۇن.

ئاغزاكى ئالاقە ئاساسىدا «مېنىڭ غايەم» دېگەن تېمىدا يېزىقچىلىق مەشقى ئېلىپ بارايلى. غايىمىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن شۇنداق غايىمىز بارلىقىنى، غايىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانداق تەييارلىقلارنى قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېنىق يازايلى.

## ئەسلەش ۋە كېڭەيتىش



### ئالاقە سەھنىسى

**قۇتلۇق:** ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىش ئىزلىرى مېنى بەك تەسىرلەندۈردى. بىزنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشىمىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ هاياتى بەدىلىگە كەلگەنىكەن.

**چۈغلۈق:** توغرا، بىز ئۇلارنى مەڭگۈ ياد ئېتىمىز. ئۇلارغا ئوخشاش خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز.

**قۇتلۇق:** كۆزقارىشىڭىزغا قوشۇلىمەن. بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنى ياخشى بولۇپلا قالماي، يېزىلىش جەھەتتىمۇ ئالاهىدىلىككە ئىگە ئىكەن. «16 يىل ئاۋۋالقى ئەسلىمە» دېگەن تېكىستنىڭ باش ـ ئاخىرى ماسلاشقان. «مەن» نىڭ دادىسىنىڭ قەستكە ئۇچرىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىقتەك هېسسىياتى گەۋدىلىنىپ، بىزگە تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

**چۈغلۈق:** مەنمۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى يېزىقچىلىق مەشقىدە باش ـ ئاخىرىنى ماسلاشتۇرۇپ يېزىشنى سىناپ باقىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## تىل خەزىنىسى

مەن ۋەتىنىمنىڭ مەنپەئىتىنى قەدىرلەيمەن، ھەتتا ھاياتىمدىن ۋە ئۆزۈم قەدىرلەيدىغان پەرزەنتلىرىمدىنمۇ ئارتۇق كۆرىمەن.

— شېكىسپىر (ئەنگلىيە)

ئادەم ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، ۋەتەن ئۈچۈنمۇ ياشىشى كېرەك.

— ئەپلاتون (يۇنان)

ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە مەنسۇپ بولمىغان ئادەم ئىنسانىيەتكىمۇ مەنسۇپ بولمايدۇ.

— بېلىنىسكىي (رۇسىيە)

ۋەتىنىنى سۆيمىگەن ئادەم ھېچقانداق نەرسىنى سۆيمەيدۇ.

— بايرون (ئەنگلىيە)

## قىرائەتخانا

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ... سىلەرگە بۇ كىشىلەر ناتونۇش بولمىسا كېرەك. «ئالىم ۋە ئەدىبلىرىمىز ھەققىدە ھېكايىلەر» دېگەن كىتابقا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا قەدەر ياشاپ ئۆتكەن ئالىم ۋە ئەدىبلىرىمىز توغرىسىدىكى ھېكايىلەر تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. مۇشۇنداق كىتابلارنى تېپىپ ئوقۇپ چىقىڭلار.

# دۇنيا ئەدەبىياتى خەزىنىسى

دۇنيا ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ نۇرغۇن مەشھۇر ئەسەرلىرى جۇملىدىن جۇڭگونىڭ نۇرغۇن داڭلىق ئەسەرلىرى بار. بۇ مەشھۇر ئەسەرلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقىغا ئايلانغان. بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇساق، بىز ھەم ھەرقايسى ئەل ئەدەبىياتىنىڭ پىر ئۇستازلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرالايمىز، ھەم ئوخشاش بولمىغان ئەللەرنىڭ كۆپ خىل مەدەنىيىتىنى چۈشىنەلەيمىز.

بۇ بۆلەكنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، چەت ئەلنىڭ ئىككى پارچە قىسقا ئەسىرى، بىر پارچە چوڭ ھەجىملىك ئەسىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پارچە ئەسىرى بىلەن تونۇشىمىز. ئوقۇغاندا، ئاساسىي مەزمۇنىنى ئىگىلەپ، ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ھېس قىلىشقا، پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەھمىيەت بېرەيلى. شارائىتىمىز بولسا، چەت ئەللەرنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنى تېپىپ ئوقۇپ باقساق بولىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 14 بىلىقچى بوۋاي بىلەن ئالتۇنبېلىق ھەققىدە چۆچەك

بىر بوۋاي بىر موماي بىلەن ئۆتكەن زاماندا،
چەكسىز كەتكەن كۆپكۆك دېڭىز بويى تاماندا.
قىلىپ پاناھ كونىرىغان كەپە ئۆيىنى،
ئالغانىكەن ئوتتۇز ئۈچ يىل بىللە كۈننى.
كۈندە بېلىق تۇتار ئىكەن تور تاشلاپ بوۋاي،
چاق ئېگىرىپ ئولتۇراركەن كەپىدە موماي.
بىر كۈنى بوۋاي كەڭ دېڭىزغا تورنى تاشلىسا،
ئىلىنىپتۇ چاڭگا ئوخشاش لەشلەر، قارىسا.
ئىككىنچى رەت تاشلاپ باقسا يەنە تورنى،
سۈزۈۋاپتۇ بىرنەچچە تال دېڭىز چۆپىنى.
ئۈچىنچى رەت بوۋاي تورنى تاشلاپتۇ يىراق،
چۈشۈپتۇ بىر بېلىق شۇئان تورىغا، بىراق...
ئادەتتىكى بېلىق ئەمەس، ئالتۇنبېلىقمىش،
ئادەم كەبى زۇۋان سۈرۈپ يېلىنغان ئىمىش:
«قويۇۋەتسەڭ، بوۋا، ئەگەر دېڭىزغا مېنى،
ئوبدان رازى قىلار ئىدىم ھەق بېرىپ سېنى.
بولار ئىدى ئالدىڭدا تەق خالىغان نەرسەڭ،
رەھىم قىلىپ تېنىمگىلا ئەركىنلىك بەرسەڭ...»
دەپتۇ بوۋاي ھەيران بولۇپ قورقۇنچ ئىچىدە:

---

① بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى مەشھۇر رۇسىيە شائىرى پۇشكىن (1799 ــ 1837).

«ئوتتۇز ئۈچ يىل بىلىق تۇتۇپ مۇشۇ كەمگىچە،
ئاڭلىمىغان بىلىق زۇۋان سۆزلەيدۇ دەپ،
ئۇقالمىدىم ئۆزگىچىغۇ بۇ بىلىق ئەجەب...»
بوۋاي ئۇنى كەڭ دېڭىزغا قويۇپ بېرىپتۇ،
چىن كۆڭلىدىن ئىككى ئېغىز سۆزمۇ قىلىپتۇ:
«ھەققىڭ ماڭا كېرەك ئەمەس، ئەي ئالتۇنبىلىق،
تەڭرى ساقلار، كەڭ دېڭىزدا ئال ئەركىن تىنىق!»
قايتىپ كېلىپ كەپىسىگە بوۋاي شۇ ھامان،
مومىيىغا دەپتۇ شۇنداق بولغانچە ھەيران:
«قارا، موماي، تۇتتۇم بۈگۈن بىر ئالتۇنبىلىق،
سۆزلەيدىكەن ئادەم كەبى ئاجايىپ ئېنىق.
قويۇۋەتكىن دېڭىزغا دەپ يالۋۇردى ماڭا،
دەيدۇ تېخى: ‹خالىغاننى بېرىمەن ساڭا!›
ئويلاپ كۆرۈپ، بىچارىدىن ئالماستىن ھېچ نەپ،
قويۇۋەتتىم كەڭ دېڭىزغا، كۆڭۈلنى ئال دەپ.»
تېرىكىپتۇ موماي شۇئان بۇ گەپنى ئاڭلاپ،
نوقۇپ تۇرۇپ بوۋىيىنى تىللاپتۇ قارغاپ:
«نېمىدېگەن ھاماقەتسەن، قاپاقۋاش سارالڭ،
بولماسمىدى ھېچبولمىسا بىر تەڭنە ئالساڭ!
قارىمامسەن تەڭنىمىزگە، كەتتى يېرىلىپ،
ئالغىن سوراپ يېڭى تەڭنە، يۈگۈر تېز بېرىپ!»

شۇنىڭ بىلەن، يول ئاپتۇ ئۇ كەڭ دېڭىز تامان،
تۇرغانمىش دېڭىز ئاستا چايقىلىپ ھەريان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئالتۇنبېلىق!» دەپ توۋلاپتۇ بوۋاي ۋارقىراپ،
ئالتۇنبېلىق كەپتۇ ئۈزۈپ ئۇنىڭغا قاراپ:
«ئېيتقىن، بوۋا، بوپقالدىمۇ بىرنېمە لازىم؟»
دەپتۇ بوۋاي ئاڭا قاراپ قىلىپ بىر تەزىم:
«رەھىم قىلغىن، ئالتۇنبېلىق، چۈشتى ھاجىتىم،
مومايىنىڭ تىل ـ قارغىشىدىن پۈتتى تاقىتىم.
يېڭى تەڭنە كېرەك دەپ ئۇ بەرمىدى ئارام،
ئەسلىدىكى تەڭنىمىزمۇ تۈگەشكەن تامام.»
ئالتۇنبېلىق دەپتۇ: «بوۋا، ساقلىغاي تەڭرى،
بېرىۋەرگىن، يېڭى تەڭنە تەق بولار ئەمدى...»

قايتىپ كەلسە مومىيىنىڭ يېنىغا بوۋاي،
تۇرغۇدەكمىش يېڭى تەڭنە دېگەندەك، ئايھاي!
بىراق، موماي تېخىمۇ بەك تىللاپتۇ قارغاپ:
«ۋاي ھاماقەت، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ شۇ تاپ!
قاراپ تۇرۇپ ئارانلا بىر تەڭنە ئالدىڭمۇ،
خېلى پۇلغا يارامدىكىن بۇ دەپ قالدىڭمۇ؟
ئارقاڭغا يان، قاپاقۋاش چال، يېڭى ئۆي لازىم،
ماڭ، ئۆي سورا، قىلىپ ئالتۇنبېلىققا تەزىم!»

شۇنىڭ بىلەن، يول ئاپتۇ ئۇ كەڭ دېڭىز تامان،
(تۇرغانمىش دېڭىز سۈيى داۋالغۇپ ھەريان).
«ئالتۇنبېلىق!» دەپ توۋلاپتۇ بوۋاي ۋارقىراپ،
ئالتۇنبېلىق كەپتۇ ئۈزۈپ ئۇنىڭغا قاراپ:

«ئېيتقىن، بوۋا، بوپقالدىمۇ بىر نېمە لازىم؟»
دەپتۇ بوۋاي ئاڭا قاراپ قىلىپ بىر تەزىم:
«رەھىم قىلغىن، ئالتۇنبېلىق، چۈشتى ھاجىتىم،
موماينىڭ تىل ـ قارغىشىدىن پۈتتى تاقىتىم.
كوت ـ كوت موماي پەقەت ئارام بەرمىدى ماڭا،
بىر يېڭى ئۆي لازىم بولۇپ قالغانمىش ئاڭا.»
ئالتۇنبېلىق دەپتۇ: «بوۋا، ساقلىغاي تەڭرى،
قايغۇرمىغىن، يېڭى ئۆيمۇ بولغۇسى ئەمدى...»

بوۋاي ئاستا يول ئېلىپتۇ كەپىسى تامان،
كەلسە يوقمىش كەپىسى ھېچ، بولۇپتۇ ھەيران.
تۇرغۇدەكمىش كەڭ ـ ئازادە يېڭى ئۆي ھەيۋەت،
پۈتكەنمىش مورىسىمۇ خىش بىلەن پەقەت.
ياسالغانمىش دەرۋازىسى كاشتان تىلىنىپ،
دېرىزىدە ئولتۇرارمىش موماي كېرىلىپ.
ئۇ بوۋاينىڭ كۆزىگە قول تىققۇدەك بولۇپ،
تىللىغىلى تۇرغانمىش ئاغزىنى بۇزۇپ:
«ئارانلا بىر ئۆي ئالدىڭمۇ، ئەي كالۋا بوۋاي،
ئالتۇنبېلىق يېنىغا چاپ، بېزىرىپ تۇرماي!
بولغۇم يوقتۇر ئاددىي خوتۇن، ئېيت قىلىپ تەزىم،
مەرتىۋىلىك ئېسىل خانىم بولۇشۇم لازىم!»

شۇنىڭ بىلەن، يول ئاپتۇ ئۇ كەڭ دېڭىز تامان،
(كۆپكۆك دېڭىز دولقۇنلىنىپ تۇرغانمىش ھەريان).

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

«ئالتۇنبېلىق!» دەپ توۋلاپتۇ بوۋاي ۋارقىراپ،
ئالتۇنبېلىق كەپتۇ ئۈزۈپ ئۇنىڭغا قاراپ:
«ئېيتقىن، بوۋا، بويىقالدىمۇ بىرنېمە لازىم؟»
دەپتۇ بوۋاي ئاڭا قاراپ قىلىپ بىر تەزىم:
«رەھىم قىلغىن، ئالتۇنبېلىق، كەلدىم يېنىڭغا،
موميىمنىڭ چالۋاقىشى تەگدى جېنىمغا.
ئاددىي خوتۇن بولمايمەن دەپ بەرمىدى ئارام،
كېلەر ئىمىش ئېسىل خانىم بولغۇسى ھامان.»
ئالتۇنبېلىق دەپتۇ: «بوۋا، غەم قىلما ئەمدى،
بېرىۋەرگىن، پاناھىدا ساقلىغاي تەڭرى.»

بوۋاي ئاستا ئۆيى تامان بولۇپتۇ راۋان،
كەلسە ئۇندا تۇرغۇدەكمىش ھەيۋەت بىر ئايۋان.
پەلەمپەيدە تۇرغانمىش موماي كىيىنىپ،
كۆركەم بولغۇن تېرىسىدىن كەمزۇلنى كىيىپ.
بېشىغا ئۇ زەر بېسىلغان زەنجىر ئاسقانمىش،
بوينىغىمۇ مەرۋايىتتىن رومال ئارتقانمىش.
قوللىرىدا پارقىرارمىش ياقۇت كۆز ئۈزۈك،
پۇتلىرىدا غىچىرلارمىش قىپقىزىل ئۆتۈك.
نۇرغۇن ئىشچان چاكارلىرى تۇرارمىش «خوپ!» دەپ،
موماي سۆرەپ چاچلىرىدىن ئۇرارمىش ھەدەپ.
دەپتۇ بوۋاي: «قانداق ئەھۋال، ئىززەتلىك ئايىم،
مەمنۇن بولۇپ شاد يۈرەرسىز ئەمدىغۇ دائىم؟»

چالۋاقاپتۇ موماي ئاڭا: «يوقال يىراق!» دەپ،
ئەۋەتىپتۇ ئاتخانىغا، «ئات ـ ئۇلاغ باق!» دەپ.

ئۆتۈپتىمىش ھەپتە شۇنداق ھەپتە كەينىدىن،
ئېشىپتىمىش موماي يەنە بەكمۇ ھەددىدىن.
دەپتۇ قوغلاپ بوۋاينى ئۇ: «دېڭىزغا بېرىپ،
ئېيتقىن ئالتۇنبېلىققا سەن تەزىم قىلىپ،
ئېسىل خانىم بولۇشنىمۇ تارتمىدى كۆڭلۈم،
كەلدى ئەركىن يايرايدىغان پادىشاھ بولغۇم!»
«ئازدىڭمۇ يا ئەقلىڭدىن؟ — دەپ چۆچۈپتۇ بوۋاي، —
سۆز ـ ھەرىكىتىڭ پادىشاھقا قانداق ئوخشىغاي؟
بۇنداق قىلساڭ مازاق قىلار پۈتكۈل ئەل سېنى،
ئالتۇنبېلىق ئالدىغا بار، دېمىگىن مېنى.»
بۇنى ئاڭلاپ موماي بەكمۇ قايناپ كېتىپتۇ،
بوۋىيىنىڭ كاچىتىغا بىرنى سېلىپتۇ:
«تۇرسام كاتتا ئېسىل خانىم، سەن سەھرا دۆتى،
ماڭا جاۋاب ياندۇرغۇدەك بولدۇڭمۇ تېخى!
ياخشىلىقچە بارغىن دېڭىز بويىغا، ساراڭ،
ئەۋەتىمەن زورلۇق بىلەن، ئۆزۈڭ بارمىساڭ!»

كەلسە بوۋاي چەكسىز دېڭىز بويىغا ئاستا،
(تۇرار ئىمىش دېڭىز سۈيى كۆرۈنۈپ قارا).
«ئالتۇنبېلىق!» دەپ توۋلاپتۇ بوۋاي ۋارقىراپ،
ئالتۇنبېلىق كەپتۇ ئۈزۈپ ئۇنىڭغا قاراپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«ئېيتقىن، بوۋا، بوپقالدىمۇ بىر نېمە لازىم؟»
دەپتۇ بوۋاي ئاڭا قاراپ قىلىپ بىر تەزىم:
«رەھىم قىلغىن، ئالتۇنبېلىق، بېشىمدا كۆلپەت،
غوۋغا قىلىپ موماي ئارام بەرمىدى پەقەت.



خالىماسمىش ئەمدى ئېسىل خانىم بولۇشنى،
ئارزۇلارمىش خاقان بولۇپ تەختتە ئولتۇرۇشنى.»
ئالتۇنبېلىق دەپتۇ: «بوۋا، ساقلىغاي تەڭرى،
ئازابلانما، خانمۇ بولار مومىيىڭ ئەمدى!»

ھەسرەت بىلەن كەلسە بوۋاي ئۆيىگە ئاستا،
تۇرغۇدەكمىش ھەشەمەتلىك كاتتا بىر ئوردا.
ئولتۇرغانمىش تەختتە موماي پادىشاھ بولۇپ،
باش ئېگەرمىش بايلار ئىككى تەرەپتە تۇرۇپ.

سۇنار ئىمىش قويۇپ شېرىن مەيلەرنى جامغا،
زورلار ئىمىش نازۇنېمەت، ئېسىل تائامغا.
تۇرارمىش ياساۋۇللار تىزىلىپ رەت ـ رەت،
قوللىرىدا ئايپالتىلار چاقنارمىش ھەيۋەت.
بۇنى كۆرۈپ بوۋاي بەكمۇ قورقۇپ كەتكەنمىش،
تەزىم قىلىپ مومىيىغا شۇنداق دېگەنمىش:
«سەلتەنەتلىك پادىشاھىم، قانداق ھالىڭىز؟
مەمنۇن بولۇپ سۆيۈنگەندۇ بەلكىم جانىڭىز؟»
موماي ھەتتا كۆز قىرىنى سالماي ئۇ تامان،
«بۇنى يىراققا قوغلاڭلار!» دەپ بېرىپتۇ پەرمان.
كەپتۇ ۋەزىر، ئاقسۆڭەكلەر بىردەك ئېتىلىپ،
تۇتۇپ بوۋاي شىللىسىدىن سىرتقا ئىتتىرىپ.
دەرۋازىدىن ياساۋۇللار دۈشكەللەپ ـ ئۇرۇپ،
چانىغىلى تاس قېلىپتۇ پالتا ئوينىتىپ.
زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ بوۋايغا قاراپ:
«خوپ بولدىمۇ، ئەخمەق قېرى؟ ئۆز ھوشۇڭنى تاپ.
ئازراق ساۋاق بېرىپ قويدۇق بۈگۈن بىز ساڭا،
يۈرگىن سىڭگەن نېنىڭنى يەپ، ئالجىماي يانا!»

ئۆتۈپتىمىش ھەپتىلەرنىڭ كەينىدىن ھەپتە،
ئېشىپتىمىش ھەددىدىن بەك موماي تەختتە.
ئەۋەتكەنمىش ۋەزىرنى ئېرىمنى تاپ دەپ،
كەلگەنمىش ۋەزىر شۇئان بوۋاينى ھەيدەپ.
دەپتۇ موماي: «قىلغىن ئالتۇنبېلىققا تەزىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياندى ئەمدى ئەركىن خاقان بولۇشتىن رايىم.
بولغۇم كەلدى دېڭىزغىمۇ پادىشاھ ـ خاقان،
قىلىپ ئۇنىڭ قۇچىقىنى ئۆزۈمگە ماكان.
ئالتۇنبېلىق خىزمىتىمدە بولسۇن ھەر كۈنى،
نېمە دېسەم بەجا قىلىپ تۇرسۇن ئۇ شۇنى!»

بوۋاي جاۋاب ياندۇرۇشقا قىلالماي جۈرئەت،
قىلالماي ھەم مومىينىڭ بۇيرۇقىنى رەت.
ماڭغانمىش قاراپ يەنە كۆك دېڭىز تامان،
ھۆركىرەرمىش ئۇندا تىنماي قارا جۇت بوران.
ئۆركەشلەرمىش غەزەپ بىلەن دېڭىز دولقۇنى،
ئاڭلىنارمىش يىراقلارغا شىددەت شاۋقۇنى.
«ئالتۇنبېلىق!» دەپ توۋلاپتۇ بوۋاي ۋارقىراپ،
ئالتۇنبېلىق كەپتۇ ئۈزۈپ ئۇنىڭغا قاراپ:
«ئېيتقىن، بوۋا، بوپقالدىمۇ بىرنېمە لازىم؟»
دەپتۇ بوۋاي ئاڭا قاراپ قىلىپ بىر تەزىم:
«رەھىم قىلغىن، ئالتۇنبېلىق، مەن بىر بىچارە،
قارغىش تەگكۇر موميىمغا نە قىلاي چارە؟
يەر يۈزىگە شاھ بولۇشتىن يانغانمىش رايى،
بولارمىش ئەمدى چەكسىز دېڭىزنىڭ شاھى.
قىلىپ ئۇنىڭ قۇچىقىنى ئۆزىگە ماكان،
سېلىپ بىزنى خىزمىتىگە سۈرەرمىش دەۋران...»
لام ـ جىم دېمەي ئالتۇنبېلىق سۇنى بىر چايقاپ،
يول ئېلىپتۇ چوڭقۇر دېڭىز تەكتىگە قاراپ.

جاۋاب كۈتۈپ بوۋاي خېلى ساقلاپتۇ ئۇزاق،
ئالتۇنبېلىق چىقىپ جاۋاب بەرمەپتۇ بىراق.
ئىلاجسىز كەلسە يېنىپ ئۆيىگە بوۋاي،
ئولتۇرارمىش بوسۇغىدا شۇمشىيىپ موماي.
تۇرارمىش ئۆز پېتىچە كونا كەپىسى،
ئىشىك ئالدىدا بۇرۇنقى شۇ پۇچۇق تەگنىسى...



1 شېئىرىي چۆچەكنى توغرا، ھېسسىياتلىق ئوقۇيلى.

2 شېئىرىي چۆچەكنى روللارغا بۆلۈنۈپ ۋە ماسلىشىپ دېكلاماتسىيە قىلايلى ۋە تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرىلىشەيلى.

1) بوۋاي ئالتۇنبېلىقنى تۇتۇۋالغاندا، نېمە ئۈچۈن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلماي قويۇۋېتىدۇ؟

2) موماي نېمە ئۈچۈن بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ، پۈتكۈل جاھاننىڭ پادىشاھى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ؟ (دېڭىز سۇيىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە باغلاپ سۆزلەپ بېقىڭ).

3) بوۋاي بىلەن موماي ئاخىرىدا نېمە ئۈچۈن بۇرۇنقى بىچارە ھالىتىگە چۈشۈپ قالىدۇ؟ بۇنىڭدىن نېمىنى ھېس قىلدىڭىز؟

3 بۇ شېئىرىي چۆچەكنى ئۆز تىلىمىزغا ئايلاندۇرۇپ بايان قىلىپ باقايلى.

4 «بېلىقچى بوۋاي بىلەن ئالتۇنبېلىق ھەققىدە چۆچەك» دېگەن تېكىستتىكى پېرسوناژلارغا ئاتاپ بىرنەچچە جۈملە يېزىپ بېقىڭ.

www.uyghurkitap.com

## ماتېرىيال خالتىسى



پۈشكىن (1799 — 1837) — رۇسىيىلىك شائىر. يېقىنقى زامان رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى. موسكۋادىكى ئەدەبىياتنى قەدىرلەيدىغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق مەزگىللىرىدە فرانسىيىلىك ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان ھەمدە رۇس تىلىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. 12 يېشىدا شېئىرغا ماھىرلىقى بىلەن نام چىقارغان. ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن «ئا. س. پۈشكىن شېئىرىي چۆچەكلەر»، «مىس چەۋەنداز»، «كاپىتان قىزى»، «دوبرۇۋسكى»، «ئاكا ـ ئۇكا قاراقچىلار» ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا كىتاب ھالىتىدە نەشر قىلىنغان.

# 15 ۋانكا

توققۇز ياشلىق ۋانكا ژۇكوۇف بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى موزدۇز ئاليوخىنغا شاگىرتلىققا ئاپىرىپ بېرىلگەنىدى. ئۇ مىلاد بايرىمىنىڭ ھارپا كېچىسى زادىلا ئۇخلىمىدى. ئەر - خوتۇن خوجايىن ۋە بىرنەچچە ھەمراھلىرى ئىبادەتكە چىقىپ كېتىشى بىلەنلا، ۋانكا خوجايىنىنىڭ ئىشكاپىدىن سىياھ قۇتىسى بىلەن ئۇچى داتلىشىپ كەتكەن قەلەمنى ئالدى - دە، پۇرلىشىپ كەتكەن بىر ۋاراق قەغەزنى تۈزلەپ خەت يېزىشقا كىرىشتى.

ئۇ خەت يېزىشتىن ئاۋۋال، قورققان ھالدا ئىشىك - دېرىزىلەرگە بىرنەچچە قېتىم قاراپ قويدى، يەنە خىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇتقا ئالىيىپ قارىدى. بۇتنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى جازىلار قېلىپلار بىلەن تولغانىدى. ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى ۋە شىرەنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى - دە، ھېلىقى قەغەزنى شىرەگە يايدى.

«مېھرىبان بوۋام كونستانتىن ماكارىچ! — ئۇ خېتىنى شۇنداق دەپ باشلىدى، — مىلاد بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن. ئامان - ئېسەن تۇرۇشىڭىزنى خۇدادىن تىلەيمەن. مېنىڭ داداممۇ، ئاپاممۇ يوق، سىزدىن باشقا ھېچكىمىم يوق.»

① بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى رۇسىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى چېخوف (1860 — 1905).

ۋانكا شامنىڭ شولىسى غىل - پال چۇشۇپ تۇرغان قاراڭغۇ دېرىزىگە قارىدى ۋە بوۋىسى كونستانتىن ماكارىچ - نى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بوۋىسى ژىۋارېڧ دېگەن باينىڭ كېچىلىك قاراۋۇلى ئىدى. ئۇ 65 ياشلاردىكى جىۋەك، قىزىقچى بوۋاي بولۇپ، دائىم كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ كۈلۈپلا يۈرەتتى. كۈندۈزى چوڭ ئاشخانىدا ئۇخلايتتى، كەچتە كەڭ جۇۋىسىنى كىيىۋېلىپ، تاقىلدىقنى تاقىلداتقىنىچە داچىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. قېرى قانجۇق كاشتانكا بىلەن «لايىېگەك[1]» دېگەن ئىت باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئۇنىڭغا ئەگىشەتتى. «لايىېگەك» دېگەن ئىسىم ئۇنىڭ تۈكىنىڭ قارىلىقى ۋە تېنىنىڭ ئاغمىخاندەك ئۇزۇنلۇقىغا قاراپ قويۇلغانىدى. ئۇ تولىمۇ ئىتائەتچان ۋە ياۋاش ئىت ئىدى.

بوۋىسى شۇ تاپتا دەرۋازا ئالدىدا كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە يېزا چېركاۋىنىڭ يورۇق دېرىزىلىرىگە قاراپ تۇرغاندۇ. ئۇ سوغۇقتا توڭلىغانلىقتىن، تاقىلدىقنى بەلۋېغىغا ئېسىۋېلىپ، دولىسىنى قىسقىنىچە پىيمىسى بىلەن يەرنى تېپىۋاتقاندۇ...

ھاۋا ناھايىتى ياخشى، ئازراقمۇ شامال يوق، قۇرۇق سوغۇق بولماقتا. ئايسىز كېچە، ئەمما پۈتۈن يېزا ئاپئاق تاملىرى، بۇرۇلۇپ - بۇرۇلۇپ چىقىۋاتقان تۈتۈنلىرى، كۈمۈشتەك قىرو باسقان دەرەخلىرى ۋە قار قاپلىغان دۆڭلۈكلىرى بىلەن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئاسمان جىمىرلاپ

[1] لايىېگەك — بىر خىل بېلىقنىڭ نامى.



www.uyghurkitap.com

تۇرغان يۇلتۇزلار بىلەن تولغان. سامانيولىمۇ گويا بايرام تۇپەيلى قار بىلەن سۈرتۈپ پارقىرىتىۋېتىلگەندەك ناھايىتى روشەن...

ۋانكا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنندى ـ دە، قەلەمنى سىياھقا چىلاپ خېتىنى داۋاملاشتۇردى:

«تۈنۈگۈن مەن قاتتىق تاياق يېدىم، چۈنكى ئۇلارنىڭ



سەگەنچۈكتىكى بالىـ سىنى تەۋرىتىپ ئولـ تۇرۇپ تۇيمايلا ئۇخلاپ قاپتىمەن. خوجايىن چېچىمدىن سۆرەپ هويلىغا ئاچىقىپ، تاسما بەلۋېغى بىلەن تازا ساۋىدى. بۇ ھەپـ تىدە خوجايىنىنىڭ خوتۇنى مېنى بىر تال سېلىيوكا بېلىقنى تازىلاشقا بۇيرۇدى. مەن بېلىقنى قۇيرۇـ قىدىن باشلاپ تازىلاپـ تىمەن، خوجايىنىنىڭ خوتۇنى بېلىقنى تارـ تىۋېلىپ، ئۇنىڭ بېـ شى بىلەن يۈزۈمگە

نوقۇدى. ھەمراھلىرىم مېنى كولدۇرلىتىپ ئوينايدۇ، ھاراق ئەكېلىپ بەر دەپ مەيخانىغا ئەۋەتىشىدۇ. تۇزۇك تاماقمۇ يوق، ئەتىگەندە ئازراق بولكا بېرىدۇ، چۈشلۈك تامىقىمىز شوۋىگۇرۇچ، كەچتە يەنە ئازراق بولكا بېرىدۇ. قورۇما، چاي دېگەنلەرگە كەلسەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى خوجايىنلارنىڭلا يەيدىغان - ئىچىدىغان نەرسىلىرى. ئۇلار مېنى دالاندا ياتـ قۇزىدۇ، بالىسى يىغلايدىغان بولسا، كىچىچە ئۇخلىماي سە - گەنچۈكنى تەۋرىتىپ چىقىمەن. جېنىم بوۋا، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، مېنى ئۆيگە، يېزىمىزغا ئەكېتىڭا! مېنىڭ يەنە چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى!... ئاياغلىرىڭىزغا باش قوياي، ئۆمۈر بويى دۇئا قىلاي. مېنى ئەكېتىڭ، بولمىسا ئۆلۈپ كېتىمەن!...»

ۋانكا ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ، مەينەت قولى بىلەن كۆز - لىرىنى سۈرتۈپ، بۇرنىنى تارتىپ قويدى.

«مەن سىزگە تاماكا ئۇۋاپ بېرىمەن، — دەپ خېتىنى داۋاملاشتۇردى ۋانكا، — ئۆمرىڭىزگە دۇئا قىلاي. ئەگەر بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويسام، مېنى تازا ئۇرۇڭ. ئەگەر مەن قىلغۇدەك ئىش تاپالماسلىقىڭىزدىن ئەندىشە قىلسى- ڭىز، ھېلىقى غوجىدارغا يالۋۇرۇپ، ئاياغ تازىلىغۇچى بولاي. بولمىسا، فېدكىغا قويلىرىڭنى بېقىشىپ بېرەي، دەپ يالۋۇرساممۇ بولىدۇ. جېنىم بوۋا، ھېچ تاقىتىم قالمىدى، جېنىمدىن تويدۇم ... يېزىغا قېچىپ كېتەي دېسەم، ئۆتۈكۈم يوق، سوغۇقتىن قورقتۇم. چوڭ بولغاندا سىزنى باقىمەن، ھېچكىمگە خارلاتقۇزمايمەن.



www.uyghurkitap.com

موسكۋا چوڭ شەھەر، ھەممە ئۆيلەر بايلارغا قارايدۇ، ئات بەك كۆپ، قوي يوق، ئىتلىرى ياۋاش. مىلاد بايرىمىدا بۇ يەرنىڭ بالىلىرى پىل - پىل چىراغلارنى كۆتۈرۈپ يۈرمەيدۇ، چىركاۋلاردىمۇ ھېچكىمنىڭ خالىغانچە مۇناجات ئېيتىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بىر كۈنى بىر دۇكاندا يىپى بىلەن دەستىسى قوشۇپ سېتىلىدىغان قىممەت باھالىق قارماقنى كۆردۇم، بۇنداق قارماققا ھەرقانداق بېلىق ئىلىنىدۇ. ھەتتا بىر پۇت[①] كېلىدىغان سوم بېلىقى ئىلىنىدىغان قارماقمۇ بار ئىكەن. مەن يەنە ھەر خىل مىلتىقلارنى ساتىدىغان دۇكانلارنىمۇ كۆردۇم، بىر خىلى بىزنىڭ خوجايىنىنىڭ مىلتىقىغا ئوخشايدىكەن، 100 رۇبلىغا سېتىۋالغىلى بولارمىكىن دەيمەن... گۆش دۇكانلىرىدا قىرغاۋۇل، كەكلىك، توشقان گۆشلىرى تولۇپ يېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ قەيەردىن ئېتىپ كېلىنگەنلىكىنى دۇكاندىكىلەر ھەرگىز ئېيتمايدۇ.

جېنىم بوۋا، خوجايىن مىلاد ئارچىسىغا تاتلىق - تۈرۈملارنى ئاسقاندا، پارقىراق ياڭاقتىن ئېلىپ مېنىڭ كۆك قۇتامغا تىقىپ قويۇڭ.»

ۋانكا يەنە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، دېرىزىگە تىكىلگىنىچە خىيالغا پاتتى. خوجايىنغا مىلاد ئارچىسى كېسىپ كېلىش ئۈچۈن بوۋىسىنىڭ ئورمانغا بارغاندا، ئۆزىنىمۇ بىللە ئېلىپ بارغانلىقىنى ئەسلىدى. نەقەدەر كۆڭۈللۈك چاغلار ئىدى - ھە! مۇزلاپ كەتكەن ئورمانلىق چاراسلاپ

① رۇسىيىنىڭ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر پۇت 16.38 كىلوگىرامغا تەڭ.

تۇراتتى، بوۋىسى سوغۇقتا خىرىلداپ يۆتىلەتتى... بوۋىسى ئارچا كېسىشتىن بۇرۇن غاڭزىدا تاماكا چېكىۋالاتتى، يەنە ناسمۇ چېكەتتى، يەنە تېخى ۋانكا بىلەن بىردەم ئويناشاتتى... قىرو باسقان ياش ئارچىلار قايسى بىرىگە ئەجەل كېلىدىغانلىقىنى بىلمەي تىك تۇرۇشاتتى. تۇيۇقسىز نەدىندۇ ياۋا توشقان چىقىپ قالاتتى ـ دە، قار دۆۋىلىرى ئۈستىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ قېچىپ كېتەتتى. بوۋىسى ئىختىيارسىز: «تۇت ئۇنى! تۇته، ئاۋۇ كالتە قۇيرۇق شەيتاننى تۇت!» دەپ توۋلاپ كېتەتتى.

بوۋىسى كېسىلگەن ئارچىنى خوجايىنىنىڭكىگە سۆرەپ كېلەتتى، ھەممەيلەن ئۇنى بېزەشكە كىرىشەتتى.

«تېزرەك كېلىڭ، جېنىم بوۋا، ــ دەپ خېتىنى داۋاملاشتۇردى ۋانكا، ــ خۇدا ھەققى، مېنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىڭ. مەندەك بىچارە يېتىمگە ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى ئۇرىدۇ. ھەمىشە ئاچ يۈرىمەن، تەنھالىقىمچۇ تېخى، ئازابلىرىمنى سۆزلەپ بېرىشكە ئامالسىزمەن. بىر كۈنى خوجايىن قېلىپ بىلەن بېشىمغا ئۇرۇۋىدى، ھوشۇمدىن كېتىپ ئاران ئېسىمگە كەلدىم. مېنىڭ كۈنۈم ئىتنىڭ كۈنىدىنمۇ بەتتەر... ئالىيۇناغا، يەكچەشمە ئېگورغا، ھارۋىكەشكە مەندىن سالام ئېيتىڭ. گارمونۇمنى ھېچكىمگە بەرمەڭ. جېنىم بوۋا، تېزرەك كېلىڭ دەپ، نەۋرىڭىز ئىۋان ژۇكوف».

ۋانكا خەتنى تۆت پۈكلەپ، تۈنۈگۈن ئاخشام بىر كوپېك[1]

① روسىيىنىڭ پۇل بىرلىكى.

قا سېتىۋالغان كونۋېرتقا سالدى. ئۇ بىرپەس ئويلىنىۋال-
غاندىن كېيىن، قەلەمنى سىياهقا چىلاپ: «يېزىدا تۇرغۇچى
بوۋامغا تەگسۇن» دەپ ئادرېس يازدى.

ئاندىن كېيىن، بېشىنى سىلاپ قويۇپ بىردەم ئويلىن-
نىۋالدى ـ دە، «كونستانتىن ماكارىچقا» دېگەنلەرنى قوشۇپ
قويدى.

ۋانكا هېچكىمنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىماي ئارامخۇدا
خەت يېزىۋالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، قۇلاقچىسىنى كىي-
دى ـ دە، جۇۋىسىنى كىيمەي كۆڭلەكچانلا يۈگۈرۈپ كوچى-
غا چىقتى. تۈنۈگۈن ئاخشام گۆش دۇكىنىدىكى تونۇشىدىن
سورىغىنىدا، ئۇ: «خەت پوچتا ساندۇقىغا سېلىنىدۇ، كېيىن
مەست هارۋىكەش ئۈچ ئات قېتىلغان پوچتا هارۋىسىنى
هەيدەپ كېلىپ خەتلەرنى ساندۇقلاردىن ئالىدۇ، ئاندىن
قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلاتقىنىچە پۈتۈن يەر يۈزىگە تارقى-
تىدۇ» دېگەنىدى. ۋانكا بىرىنچى پوچتا ساندۇقىغا چېپىپ
بېرىپ، قىممەتلىك خېتىنى ساندۇققا سالدى.

بىر سائەتتىن كېيىن، ۋانكا شېرىن ئارزۇلار ئىچى-
دە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چۈشىدە تام مەشنى كۆردى،
تام مەشنىڭ ئۈستىدە پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان
بوۋىسى ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇۋاتقۇدەك... ۋيۇن قۇيرۇقىنى
شىپاڭلاتقىنىچە تام مەشنىڭ يېنىدا مېڭىپ يۈرگۈدەك...

www.uyghurkitap.com



1 تېكىستنى تېزرەك سۈرئەتتە ئىچىڭىزدە ئوقۇپ، ئۇنىڭدا قايسى مەزمۇنلار يېزىلغانلىقىنى ئويلىنىپ كۆرۈڭ.

2 ۋانكىنىڭ خېتىدىكى مەزمۇنلارنى تېپىپ، ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار ھەمدە ۋانكىنىڭ شاگىرتلىق ھاياتىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

3 سىز تېكىستنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتە قايسى ئالاھىدىلىكلىرى بارلىقىنى بايقىدىڭىز؟ ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇڭ.

يوقىرىدا بىر چەت ئەللەرنىڭ ئىككى پارچە قىسقا ھەجىملىك ئەسىرىنى ئوقۇدۇق، ئەمدى بىر پارچە چوڭ ھەجىملىك ئەسىرى بىلەن تونۇشۇپ باقايلى. ئاۋۋال ئەسەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى ئوقۇپ پۈتۈن ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئىگىلىۋالايلى، ئاندىن ئەسەردىن ئېلىنغان ئېسىل پارچىنى كۆرۈپ چىقىپ، بۇنىڭدىن نېمىلەرنى بىلىۋالغانلىقىمىزنى سۆزلەپ باقايلى. ئېسىل ئابزاس ۋە جۈملىلەرنى خاتىرىلىۋېلىپ، تەسىراتىمىزنى يېزىپ باقساقمۇ بولىدۇ. ئەگەر شارائىت يار بەرسە، ئەسەرنىڭ ئۆزىنى تېپىپ ئوقۇپ باقساقمۇ بولىدۇ.

## 16* دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كرۇزو

(ئومۇمىي مەزمۇنى)

بۇرۇن، روبىنزون ئىسىملىك بىر ئەنگلىيىلىك بار ئىدى. ئۇ دېڭىز سەپىرى ۋە تەۋەككۇلچىلىكنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، دۇنيادىكى نۇرغۇن جايغا بارغان، نۇرغۇن خەۋپ - خەتەرگە يولۇققانىدى، ئەمما ئۇ بۇلاردىن ئازراقمۇ قورقۇنچ ھېس قىلماي، دۇنيانىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە بېرىپ بېقىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

بىر قېتىم، روبىنزون كېمىگە ئولتۇرۇپ جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىگە بارماقچى بولىدۇ، سەپەر جەريانىدا قاتتىق بورانغا يولۇقۇپ، كېمە ماچتىسى سۇنۇپ كېتىدۇ، كېمىمۇ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدۇ، ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسى دېڭىزغا غەرق بولۇپ كېتىپ، يالغۇز ئۇنى دولقۇنلار ئېقىتىپ

① «دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كرۇزو» ئەنگلىيە يازغۇچىسى دانىيېل دېفونىڭ رومانى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دېڭىز قىرغىقىغا چىقىرىپ قويىدۇ. بۇ نامسىز، ئادەمزاتسىز قاقاس ئارال بولۇپ، ھەممىلا يېرى تاشلار ۋە ياۋا ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغانىدى. ئۇ توڭغان ھەم ئېچىرقىغانىدى، ئەمدى ئۇ مۇشۇنداق يەردە قانداق ياشار؟

ئەتىسى قۇياش كۆتۈرۈلگەندە، دېڭىز يۈزىمۇ تىنچلىنىپ قالىدۇ. دېڭىز سۈيى يانغاندىن كېيىن، روبىنزون ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەن ھېلىقى كېمىنى كۆرىدۇ، يېرىمى دېڭىز يۈزىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان كېمە قىرغاقتىن ئانچە يىراقتا ئەمەس ئىدى. ئۇ بىرنەچچە تال ياغاچتىن سال ياساپ كېمىنىڭ يېنىغا ئۈزۈپ بارىدۇ. روبىنزون كېمە بۆلمىسىدىن ئىشلەتكىلى، يېگىلى بولىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى تاپىدۇ ۋە قىرغاققا توشۇيدۇ، ئۇ يەنە ھايات قالغان بىر ئىت بىلەن ئىككى مۈشۈكنىمۇ قىرغاققا ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇلار غېرىبسىنغان روبىنزونغا ئازراق بولسىمۇ تەسەللى بولۇپ قالىدۇ. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، ئۇ كېمىدىن نۇرغۇن پۇل تېپىۋالىدۇ، لېكىن بۇ تەنھا ئارالدا پۇلنىڭ نېمە پايدىسى دەيسىز؟

ئەمدى قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ئاپتاپ ۋە يامغۇر - يېشىندىن دالدىلىنىش ئۈچۈن، ئۆزى جايلاشقۇدەك بىر جاينى تېپىش ئىدى. روبىنزون ئارالنى كېزىپ چىقىپ، تاغ قاپتىلىدىن سۇ، دەل - دەرەخ بار، ياۋايى ھايۋانلاردىنمۇ ساقلانغىلى بولىدىغان بىر يەرنى تاللاپ، ياغاچ ۋە يەلكەندىن بىر ئاددىي چېدىرنى تىكىدۇ. ئۇ يەردىن دېڭىزنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. روبىنزون بۇ يەردىن ئۆتىدىغان كېمىلەرنى

كۆرۈپ، قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

روبىنزون ئارالغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، زېرى-كىشلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ بەك يۇقىرى تەلىپى يوق ئىدى، بىراق كېمىدىن توشۇپ كەلگەن يېمەك-لىكلەرنى تېزلا يەپ تۈگىتىدۇ، داۋاملىق ياشاش ئۈچۈن چا-رە ـ ئامال تاپماي بولمايتتى.

ئۇ ھەر كۈنى مىلتىقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئىتنى ئە-گەشتۈرۈپ ئورمانلىقتا ئوۋ ئوۋلايدۇ ياكى دېڭىز بويىغا بې-رىپ بېلىق تۇتىدۇ، يەنە تېخى ئۆچكىلەرنى تۇتۇۋېلىپ با-قىدۇ. كېيىن، ئۇ بىر توپ ئۆچكىلەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ،



سۇت ئىچەلەيدىغان، گۆش يېيەلەيدىغان بولىدۇ. ئۇ تېپىۋالغان ئازراق بۇغداينى قاشانىڭ ئىچىگە تېرىيدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي بۇغداي مايسىلىرى ئۆسۈپ چىقىدۇ، كېيىن ئۇ ئون نەچچە تال باشاق بولىدۇ. ئۇ بۇ ئۇرۇقلارنى تەكرار تېرىيدۇ، تۆتىنچى يىلىغا بارغاندا، ئۇ ئۆزى تېرىغان ئاشلىقنى يېيەلەيدىغان بولىدۇ.

18 يىل ئۆتىدۇ. بىر كۈنى روبىنزون دېڭىز ساھىلىدا ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزىنى تۇيۇقسىز بايقاپ قالىدۇ. ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى قۇرۇقلۇقتىن كەلگەن ياۋايى ئادەملەر قالدۇرغان ئاياغ ئىزى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىپ، قاتتىق قورقۇپ كېتىدۇ. ئۇ بۇ ياۋايى ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى يەۋېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇرالغۇسىنىڭ ئالدىدىكى بوش يەرگە قوزۇق قېقىپ قاشادايدۇ، يەنە ئۆچكىلىرىنى بىرقانچە جايدىكى ئېغىللارغا بۆلىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە يەنە ئىككى يىلنى ئۆتكۈزىدۇ. كېيىن، روبىنزون ياۋايى ئادەملەر قالىغان ئوتنىڭ ئىزناسىنى ۋە چېچىلىپ ياتقان ئادەم سۆڭەكلىرىنى كۆرىدۇ. ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ياۋايىلارچە ئۆتكۈزگەن زىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ۋەھىمە ئىچىدە قالغان روبىنزون پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بولغان بۇ ياۋايى ئادەملەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرۇلۇق ئويلىنىشقا باشلايدۇ. ئۇ قاقاس ئارالدا 26 يىل ياشىغاندىن كېيىن، ئاخىر 30 نەچچە ياۋايى ئادەمنىڭ قولۋاقلارغا ئولتۇرۇپ ئارالغا كەلگەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئۇلار نەس باسقان ئىككى ھەمراھىنى

قىرغاققا سۆرەپ چىقىپ، بىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، يەنە بىرى جېنىنىڭ بارىچە قاچىدۇ. ئۇنىڭ قېچىش يۆنىلىشى دەل رو-بىنزوننىڭ تۇرالغۇسى تەرەپ ئىدى. روبىنزون بۇ ياۋايى ئا-دەمنى قۇتقۇزۇۋالماقچى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوغلاپ كەلگەن ئىككى ياۋايى ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. روبىنزون ئۆزى قۇتقۇزۇۋالغان ياۋايى ئادەمگە «جۈمە» دېگەن ئىسىمنى قويۇپ قويىدۇ. ئۇ «جۈمە»گە ئىش ئۆگىتىشكە باشلايدۇ. «جۈمە» تېز لا ئۇنىڭ ياخشى ياردەمچىسى بولۇپ قالىدۇ ھەم-دە ئاستا ـ ئاستا سۆزلەشنىمۇ ئۆگىنىدۇ. ئۇلار ئارالدا كۆ-ڭۈللۈك ياشايدۇ، تېرىقچىلىق كۆلىمىنى كېڭەيتىدۇ، يەنە بىرنەچچە ئۆچكە ئېغىلىنى كۆپەيتىدۇ، نۇرغۇن ئۈزۈم قۇ-رۇتىدۇ. ئۇ ئەنگلىيىگە ــ مەدەنىي جەمئىيەتكە قايتىپ بې-رىشنى ئاساسەن ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

بىر كۈنى سەھەردە، «جۈمە» روبىنزوننى توۋلاپ ئويغىتىدۇ، ئەسلىدە بىر ئەنگلىيە كېمىسى يېقىن ئەتراپتا توختاۋاتقانىكەن. روبىنزون كېمىدە توپىلاڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، ماتروسلارنىڭ كېمە باشلىقىنى تۇتقۇن قىلغانلىقىنى بايقاپ قالىدۇ. روبىنزون بىلەن «جۈمە» كېمە باشلىقىنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ، كېمە باشلىقى ئۇلارنى ئەنگلىيىگە ئېلىپ كېتىشكە خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولىدۇ. روبىنزون بۇ كېمە بىلەن دېڭىزدا يېرىم يىل يول يۈرگەندىن كېيىن، ئاخىر ئەنگلىيىگە قايتىپ كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئېسىل پارچە

مەن ھازىر ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان مىسكىنلىك ۋە زېرىكىش ئىچىدە ياشىماقتىمەن، شۇڭا بۇ تۇرمۇشنىڭ جەريانىنى باشتىن ـ ئاخىر ئۆز رېتى بويىچە خاتىرىلەپ مېڭىشىم كېرەك. ھېسابىمچە، مەن بۇ قورقۇنچلۇق ئارالغا 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كەلدىم. شۇ چاغدا كۈزلۈك كۈن تەڭلىك سىزىقىغا يېقىن كىرگەن قۇياش دەل مېنىڭ ئۇستۈمدە تۇراتتى. شۇڭا، كۆزىتىشىمچە، مەن تۇرغان يەر 9 گرادۇس 22 مىنۇت شىمالىي كەڭلىكتە ئىدى.

قىرغاقتا چىقىپ 11 ـ 12 كۈندىن كېيىن بولسا كېرەك، كىتاب، قەلەم، سىياھ كەمچىل بولغانلىقتىن چېسلانى ئۇنتۇپ قېلىشىم، ھەتتا ئىبادەت كۈنى بىلەن خىزمەت كۈنىنىمۇ ئايرىيالماي قېلىشىم مۇمكىنلىكى تۇيۇقسىز ئېسىمگە كەلدى. بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىر تۈۋرۈككە: «مەن 1659 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مۇشۇ يەردىن قىرغاققا چىقتىم» دېگەن خەتلەرنى ئويدۇم ۋە بۇ تۈۋرۈكنى كرېست قىلىپ ياسىدىم ـ دە، مەن دەسلەپ قىرغاققا چىققان يەرگە تىكىپ قويدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر كۈنى بۇ قىرلىق تۈۋرۈكنىڭ قىرىغا بىر سىزىق، ھەر يەتتە كۈندە ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە ئۇزۇن بىر سىزىق، ھەر ئايدا ئۇنىڭدىنمۇ بىر ھەسسە ئۇزۇن بىر سىزىق سىزىپ قويىدىغان بولدۇم. شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ يىل، ئاي، كۈنلەرنى

بىلىپ تۇرىدىغان كالپىندارىم بار بولدى.
شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كېيىندىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىم ئىچىدە ئانچە قىممەتلىك بولمىسىمۇ، ئىنتايىن كېرەكلىك بىرمۇنچە نەرسىلەر بار بولۇپ، ئۇلارنى بىرمۇبىر خاتىرىلەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بولۇپمۇ، قەلەم، سىياھ، قەغەزلەرنى، كېمە خوجايىنىنىڭ، خوجايىن ياردەمچىسىنىڭ، زەمبىرەكچى ۋە ياغاچچىلارنىڭ بىرنەچچە بولاق نەرسىسى، ئۈچ ـ تۆت كومپاس، ماتېماتىكا ئەسۋاب-لىرى، قۇياش سائىتى، دۇربۇن، خەرىتە، دېڭىز توغرىسى-دىكى كىتاب قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەك. ئۇ چاغدا مەن بۇلارنىڭ كېرەك بولۇش ـ بولماس-لىقىنىمۇ ئويلىمايلا يىغىشتۇرۇۋالغان، شۇنىڭ بىلەن بىل-لە، نەپىس «ئىنجىل»دىن ئۈچنى تېپىۋالغانىدىم. ئۇلار مې-نىڭ ئەنگلىيىدىن كەلگەن ماللىرىم بىلەن بىللە كەلگەن بولۇپ، كېمىگە چىققۇچە يۈك ـ تاقلىرىمنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويغانىدىم. بۇلاردىن باشقا، پورتۇگال تىلىدىكى بىرقانچە كىتابمۇ بار بولۇپ، ئىككى ـ ئۈچ پارچىسى دۇئا-نامە، قالغانلىرى باشقا مەزمۇندىكى كىتابلار ئىدى. بۇ يەردە يەنە كېيىندىكى بىر ئىت ۋە ئىككى مۈشۈكنىمۇ ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئىككى مۈشۈكنى سال بىلەن ئەكېلىۋالغانىدىم، ئىت بولسا مەن بىرىنچى قېتىم كېمە-دىن يۈك توشۇغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ئۈزلۈكىدىن كېمىدىن چۈشۈپ، مېنىڭ قېشىمغا ئۈزۈپ كېلىۋالغانىدى. بۇ ئىت كۆپ يىللار ماڭا سادىق چاكار بولدى. مەن ئۇنىڭدىن بىرەر

ئىش قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلمايتتىم، پەقەتلا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشنى ئارزۇ قىلاتتىم، بىراق بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن قەلەم، سىياھ، قەغەزلەرنى ناھايىتى تېجەپ ئىشلەتتىم. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئەگەر سىياھىم تۈگەپ قالمىغان بولسا، كەچۈرمىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ ماڭغان بولاتتىم. بىراق، سىياھ تۈگەپ كەتكەنلىكتىن يېزىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇم، چۈنكى سىياھ ياساشنىڭ بىرەر ئۇسۇلىنىمۇ تاپالمىدىم.

دېمەك، مەن نۇرغۇن نەرسىگە ئىگە بولغان بولسامۇ، كەم نەرسىلىرىممۇ كۆپ بولۇپ، سىياھ دەل شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. مەندە يەر قېزىش ياكى توپا توشۇشقا كېرەك بولىدىغان گۈرجەك، جوتۇ قاتارلىق سايمانلار، يىپ ـ يىڭنە دېگەندەك نەرسىلەرمۇ يوق ئىدى. ئىچ كىيىم دېگەنلەرگە كەلسەك، گەرچە ئۇلار كەمچىل بولسىمۇ، ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ ھالەتكە كۆنۈپ قالدىم.

بۇ سايمانلار كەمچىل بولغانلىقتىن، ئىشلىرىم بەك تەسكە توختىدى. كىچىككىنە قاشا ئۇچۇن بىر يىلغا يېقىن ۋاقتىم كەتتى، قاشاغا ئىشلىتىلىدىغان قوزۇقلار بەك ئېغىر بولۇپ، ئۇلارنى يۆتكەش ئىنتايىن تەس ئىدى. مەن ئۇلارنى ئورماندىن كېسىپ قوزۇق قىلىپ تەييارلاشقا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلدىم، توشۇپ كېلىشكە تېخىمۇ ئۇزاق ۋاقىت كېتەتتى. شۇڭا، بەزىدە بىر قوزۇقنى كېسىپ تەييارلاش ۋە ئەكېلىشكە ئىككى كۈن ئىشلەپ، ئۈچىنچى كۈنى يەرگە ئورنىتالايتتىم. دەسلەپتە بىر ئېغىر كۆتەكنى

قوزۇق قاقىدىغان سايمان ئورنىدا ئىشلەتتىم، كېيىن يۇك كۆتۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان بىر لوم تۆمۈردىن پايدىلىنىش ئېسىمگە كەلدى. لېكىن، لوم تۆمۈرنى ئىشلەتكىنىم بىلەن، يەنىلا جاپادىن، ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلالمىدىم.

گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ ۋاقتىم يېتەرلىك ئىدى، شۇڭا ئانچە ـ مۇنچە ئاۋارىچىلىك تارتسام نېمە بوپتۇ؟ ھالبۇكى، ئەگەر بۇ ئىشىم بەك تېز تۈگەپ كەتسە، ھەر كۈنى يېمەك ئىزدەپ ئارالنى بىر ئارىلاپ قويغاندىن باشقا، قىلغۇدەك ئىش تاپالماي قالاتتىم.

مەن ئەمدى ھازىرقى ئەھۋالىم ۋە شارائىتىم ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ، سەرگۈزەشتىلىرىمنى بىرمۇبىر قەغەز بېتىگە چۈشۈرمەكچى بولدۇم. بۇنداق قىلىشىم بۇنى كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس (چۈنكى مەن ئىشىنىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەنھا ئارالغا كېلىدىغانلار كۆپ بولمايدۇ)، بەلكى ئۆزۈم ھەر كۈنى ئوقۇپ ئاز ـ تولا ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىش ئۈچۈن ئىدى. ھازىر مېنىڭ ئىدرىكىم ئۈمىدسىزلىككە تولغان ھېسسىياتىمنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئېرىشتى، شۇڭا ئىمكانقەدەر ئۆزۈمنى ئاۋۇندۇرۇشقا باشلىدىم؛ شۇكۇر ـ قانائەت قىلىشىم ئۈچۈن، ھازىرقى شارائىتىمنىڭ ياخشى تەرەپلىرى بىلەن يامان تەرەپلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم؛ ھېسابات دەپتەرلىرىدىكى «كىرىم» ۋە «چىقىم» شەكلىنى قوللىنىپ، ھازىرقى شارائىتىمدىكى ئامەت بىلەن بەختسىزلىكنى، ياخشى تەرەپ بىلەن يامان تەرەپلەرنى ئادىللىق بىلەن تىزىپ چىقتىم:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

## يامان تەرىپى

مەن قورقۇنچلۇق قاقاس ئارالغا كېلىپ قالدىم، قۇتۇلۇشتىن ئۈمىدىم يوق.

مەن ھازىر ئىنسانىيەت دۇنياسىدىن ئايرىلىپ، چەكسىز قىيىن ئەھۋالدا قالدىم.

مەن ئىنسانلاردىن ئايرىلىپ قېلىپ، بەئەينى زاھىتقا ئوخشاپ قالدىم.

مېنىڭ كىيگۈدەك كىيىم ـ كېچەكىم يوق.

مەن ياۋايى ئادەم ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قوغدانغۇدەك كۈچ ۋە ۋاستىگە ئىگە ئەمەس.

مۇڭداشقۇدەك، كۆڭلۈمگە تەسەللى بەرگۈدەك بىرەر ئادەممۇ يوق.

## ياخشى تەرىپى

لېكىن، مەن ھاياتمەن، كېمىدىكى ھەمراھلىرىمدەك سۇغا غەرق بولۇپ كەتمىدىم.

لېكىن، مەن كېمىدىكى ھەمراھلىرىمدىن ئايرىلىپ يالغۇزلا ئامان قالدىم. تەڭرىم كارامەت كۆرسىتىپ مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغانىكەن، جەزمەن بۇ ئارالدىنمۇ قۇتۇلدۇرىدۇ.

لېكىن، مەن ئادەمزاتسىز ئارالدا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمىدىم.

لېكىن، بۇ يەرنىڭ ئىقلىمى ئىسسىق، كىيىم بولسىمۇ كىيگىلى بولمايدۇ.

لېكىن، بۇ ئارالدا مەن ئافرىقىدا كۆرگەن يىرتقۇچ ھايۋانلار يوق. ئەگەر كېمە ئافرىقىدا ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەن بولسا قانداق قىلاتتىم؟

لېكىن، تەڭرىم ئۆز قۇدرىتى بىلەن كېمىنى قىرغاقنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېلىۋېلىشىمغا ئىمكانىيەت بەردى.



ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مېنىڭ هازىرقى بەختسىزلىكىم دۇنيادا ناھايىتى كەم كۆرۈلىدۇ. لېكىن، شۇنداق ئەھۋالدا تۇرغان بولساممۇ، شۈكۈر قىلىش-قا ئەرزىيدىغان بىرمۇنچە پاسسىپ ۋە ئاكتىپ نەرسىلەر بار ئىكەن. مەن دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ مېنىڭ بەختسىز ئەھۋالىمدىن ساۋاق ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن: ئەڭ بەخت-سىز ئەھۋالدا قالغاندىمۇ، بىز ياخشى تەرەپلەر بىلەن يامان تەرەپلەرنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىمىزگە تەسەللى بېرەلەيدىغان ئىشلارنى تاپالايدىكەنمىز.

مەن هازىر ئۆز شارائىتىم بىلەن خېلى چىقىشىپ قالدىم، بىرەر كېمە كۆرۈنۈپ قالارمىكىن دەپ يەنە كۈن بو-يى دېڭىزغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرمايدىغان بولدۇم. مەن بۇنداق خىيالنى تاشلاپ، پۈتۈن ئىخلاسىم بىلەن ئۆز تۇرمۇشۇمنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياخشىلاشقا كى-رىشىپ كەتتىم.

www.uyghurkitap.com

ئەسلىي ئەسەردە، روبىنزون-
نىڭ ئوتتا چىدامىلىق داڭقان ياسىغان-
لىقى ھەققىدىكى ئابزاس ئىنتايىن
ئىنچىكە يېزىلىپتۇ.



مەن بۇ كىتابتىن مەنىلىك بىر جۈملى-
نى كۆچۈرۈۋالدىم: ئۆزى ئېرىشەلمەيدىغان
نەرسىلەر توغرۇلۇق قۇرۇق خىيال قىلىپ
ئولتۇرۇشنىڭ پايدىسى يوق...

سىز روبىنزوننىڭ قانداق قى-
يىنچىلىقلارغا يولۇققانلىقىنى بىلە-
سىز؟ ئۇ بۇ قىيىنچىلىقلارغا يولۇققاندا
قانداق قىلغان؟

يۇقىرىدا چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى ئۈچ پارچە نادىر ئەسەر بىلەن تونۇشۇپ چىقتۇق. تۆۋەندە، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بىر پارچە نەمۇنىلىك ئەسەر بىلەن تونۇشۇپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھېس قىلىپ باقايلى.

## 17* چىن تۆمۈر باتۇر

(ئومۇمىي مەزمۇنى)

قەدىمكى زاماندا ئېلى ئىقلىمىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنتلىك بولغان بولسىمۇ، قارا كۆڭۈل چوڭ خانىش ھىيلە ئىشلىتىپ بۇ بالىلارنى كۆلگە تاشلىۋېتىپتۇ. بەختكە يارىشا، بۇ بالىلارنى بىر ئېيىق سۇدىن ئاچىقىپ، جاڭگالغا ئېلىپ كېتىپ بېقىپتۇ. بالىلار ئەقلىگە كەلگەندە بىر ــ بىرىگە ئىسىم قويۇشۇۋاپتۇ، ئوغۇلنىڭ ئىسمى چىن تۆمۈر، قىزنىڭ ئىسمى مەختۇمسۇلا بوپتۇ. كېيىنچە ئۇلار ئېيىقتىن ئايرىلىپ، جاڭگالنىڭ بىر چېتىگە ئۆي ياساپ، شۇ ئۆيدە ياشاشقا باشلاپتۇ.

چىن تۆمۈر باتۇر تۆرلۈك جان ــ جانىۋارلارنى تۇتىدىغان ئاجايىپ باتۇر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم ئوۋغا چىققاندا يەتتە كۈن ئوۋ ئوۋلايدىكەن. مىسران قىلىدىچى بىلىدىن، ئالغۇر بۈركۈتى قولىدىن، ئارغىماق ئېتى ئاستىدىن، كاپ ــ كاپ كۈچۈكى يېنىدىن ئايرىلمايدىكەن.

بىر قېتىم چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋغا چىقىپ كەتكەندە، موماي سىياقىغا كىرىۋالغان يەتتە باشلىق يالماۋۇز مەختۇمسۇلانىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ئۆيىگە كەپتۇ. ئۇ مەختۇم-

سۇلانى چىچىدىن تورۇسقا ئېسىپ قويۇپ، تاپىنىنى تېشىپ قېنىنى شوراپتۇ. بۇ ھال چىن تۆمۈر باتۇر ئۇۋدىن قايتىپ كەلگۈچە ھەر كۈنى كەچتە تەكرارلىنىپتۇ.

ئۇۋدىن قايتىپ كەلگەن چىن تۆمۈر باتۇر سىڭلىسى مەختۇمسۇلانىڭ ئورۇقلاپ، چىرايى سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. مەختۇمسۇلا يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئاكىسىغا يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. دەرغەزەپكە كەلگەن چىن تۆمۈر باتۇر ئىشىكنىڭ كەينىگە ئورا كولاپ مۆكۈپ يېتىپتۇ ۋە يەتتە باشلىق يالماۋۇز كەلگەندە ئېتىلىپ چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپتۇ. ئېلىشىش نەچچە كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىپتۇ، چىن تۆمۈر باتۇر يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ يەتتە بېشىنى بىر ـ بىرلەپ چېپىپ، ئاخىر بۇ ئاپەتنى يوقىتىپتۇ.

بىر كۈنلەردە سانجۇ پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى ئۇزمۇخ مەختۇمسۇلانىڭ گۈزەللىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى بۇلاپ كېلىش ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ يولغا چىقىپتۇ.

مەختۇمسۇلا دۈشمەنگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ بىرمۇنچە لەشكەرلەرنى يوقىتىپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگەن چىن تۆمۈر باتۇر دۈشمەن لەشكەرلىرى بىلەن تەنھا ئېلىشىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىپتۇ. ئەمما، شۇ ئارىلىقتا ئۇزمۇخ مەختۇمسۇلانىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ ئېلىپ كېتىپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۇزاق قوغلىغان بولسىمۇ يېتىشەلمەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوزموخ مەختۇمسۇلانى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئاپتۇ. ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتۇپ، مەختۇمسۇلا ئىككى ئوغۇللۇق بوپتۇ. لېكىن، ئۇ ئوزموختىن قۇتۇلۇپ ئاكىسىنى تېپىشنى بىر دەممۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويماپتۇ. بىر كۈنى ئۇ قىرىق كېنىزەك، قىرىق نۆكەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە ئىلى دەرياسى بويىغا بېرىپتۇ. مەختۇمسۇلا كېنىزەك، نۆكەرلەرنى سۇت ھارىقى بىلەن مەست قىلىپ تاشلاپ، تۇلپارغا مىنىپتۇ ـ دە، ئىلى دەرياسىنى كېچىپ ئۇ قاتقا ئۆتۈۋاپتۇ. ئۇ شۇ يۇرگىنىچە دەشتلەرنى كېزىپ، تاغلاردىن ئېشىپ بىر گۈزەل يايلاققا يېتىپ كەپتۇ. مەختۇمسۇلا سۇرۇشتۇرۇپ يۈرۈپ، ئاخىر ئاكىسى چىن تۆمۈر باتۇرنى تېپىپتۇ. ئەسلىدە، چىن تۆمۈر باتۇر سىڭلىسى مەختۇمسۇلانىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قالغانىكەن. مەختۇمسۇلا ئالغاچ كەلگەن ئالمىنى كۆزىگە سۇرتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىپتۇ. ئاكا ـ سىڭىل قېرىنداشلار بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ يىغلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار خۇشال ـ خۇرام، تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

## ئېسىل پارچە

ئوزموخ نۇرغۇن لەشكەر توپلاپ، مەختۇمسۇلانى بۇلاپ كېلىش ئۈچۈن يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە كۈندىن كېيىن چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئەتراپىنى قورشاپتۇ. مەختۇمسۇلا ئۆگزىگە چىقىپ مۇنداق دەپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھەي لەشكەرلەر، بۇ نىمىدىگەن ئۇياتسىزلىق! يالـ-غۇز بىر ئاجىز قىزغا شۇنچە لەشكەرلەرنىڭ كېلىشى نا-مەردلىك ئەمەسمۇ؟! ئاكام چىن تۆمۈر باتۇر كەلسە قانداق جاۋاب بېرىسىلەر؟!

ئوزمۇخ مەختۇمسۇلانى كۆرۈپ، ئوتتەك كۆيۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي مەختۇمسۇلا، ئۆزۈڭنى ماڭا قوبۇل قىلساڭ قىل، بولمىسا سېنى زورلۇق بىلەن ئالىمەن!

مەختۇمسۇلا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ غەزەپ بىلەن ئۆگزى-دىن يەرگە چۈشۈپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋغا كېتىشىنىڭ ئالدىدا: «ناۋادا بېشىڭغا كۈن چۈشسە، بۇ قۇشنى قويۇۋەت-كىن، مەن قەيەردە بولسام، شۇ يەرگە خەۋەر يەتكۈزۈپ بارى-دۇ» دەپ تاپىلاپ ئالغۇر بۈركۈتنى قويۇپ كەتكەنىكەن. مەختۇمسۇلا قۇشنى قويۇۋېتىپتۇ، ئاندىن قولىغا قىلىچ ئې-لىپ، بۇلاڭچىلار بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ. ئۇ نۇرغۇن لەشكەرنى يوقىتىپتۇ. ئاڭغىچە چىن تۆمۈر باتۇر خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەپتۇ. ئۇ مىسران قىلىچىنى ئوينىتىپ، بىر ئۆزى نەچچە مىڭ لەشكەر بىلەن قاتتىق ئېلىشىپتۇ. تەڭ كېلەلمىگەن لەشكەرلەر ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي قېچىشقا باشلاپتۇ. ئوزمۇخ قېچىپ كېتىۋاتقان لەشكەرلىرىگە:

— سىلەر ئىككى كىشىدىن شۇنچە قاچامسىلەر؟ قاچ-ساڭلار مەندىن ياخشىلىق كۆرمەيسىلەر! — دەپ، پېتىراپ كەتكەن لەشكەرلىرىنى ئۆزى باشلاپ يەنە ئۇرۇش ئېچىپتۇ.

ئوزمۇخ چىن تۆمۈر باتۇرغا بىرقانچە ئون پالۋىنى بى-



لەن بىراقلا ھۇجۇم قىپتۇ. نەيزە ـ قىلىچلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن چاقماق چاقنىغاندەك ئوتلار چاقناپتۇ. بىراق، ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمەپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەندىشىگە چۈشكەن مەختۇمسۇلا: ئاكامغا زەخىم يەتمىگىيدى، ئۇنىڭ مېيىپ بولغىنىدىن مېنىڭ يوق بولغىنىم ياخشى، دەپ ئويلاپ، ئاكىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

— جېنىم ئاكا، دۈشمەنلەر سان ـ ساناقسىز ھەم رەھىمسىز، شۇڭا سىز جەڭدىن يېنىڭ، ئۆلسەم مەن ئۆلەي، سىز ئامان قېلىڭ!

چىن تۆمۈر باتۇر مەختۇمسۇلاغا قاراپ:

— سىڭلىم، مېنىڭدىن ئەنسىرىمە، چىن تۆمۈر دەپ ئېتىم بار، ماڭا دۈشمەن ئالدىدا باش ئېگىش ئۆلۈم بىلەن تەڭ. مەن جانجىگەر سىڭلىمدىن ئايرىلالمايمەن، شۇڭا جەڭدىن يانمايمەن! — دەپ جەڭنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئوزمۇخنىڭ لەشكەرلىرى ئۆلۈپ تۈگەشكە ئاز قالغاندا، ياردەمگە ئەۋەتىلگەن سانجۇ ئەسكەرلىرى نەرە تارتىپ يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى يالىڭاچلاپتۇ، ئوقيالىرىنى چەنلەپتۇ، چىن تۆمۈر باتۇرغا قارا قاغىدەك يېپىشىپتۇ. ئوزمۇخ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ مەختۇمسۇلانى تۇتۇۋېلىپ، پۇت ـ قولىنى مەھكەم باغلاپ ئېلىپ قېچىپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر قەھر ـ غەزەپكە تولۇپ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپ ھەممە بۆلەكچىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ...


ئەسلىي ئەسەردە چىن تۆمۆر باتۇر-
نىڭ باتۇرلۇقى تېخىمۇ تەپسىلىي، تە-
سىرلىك بايان قىلىنغان.
«چىن تۆمۆر باتۇر» دېگەن چۆچەكنى
مەن ئوقۇپ باقماپتىكەنمەن، ئەسلىي ئە-
سەرنى تېپىپ ئوقۇپ باقمايدىغان بولسام!
ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئى-
چىدە باتۇرلۇق، قېرىنداشلىق مېھىر-
مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن ئاجايىپ چۆ-
چەكلەر بار. بىز بىللە ئوقۇپ باقايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## تەقلىد سۆز

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەرنىڭ قانداق مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقى توغرىسىدا مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى.

1) ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدى.

2) چاقماقلار يالت ـ يۇلت قىلىپ چاقماقتا ئىدى.

3) ئۇ سوغۇقتا غال ـ غال تىترەيتتى.

4) قاياقتىندۇ مىلتىقنىڭ پاڭ ـ پۇڭ قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

تىلىمىزدا ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ خىلمۇخىل ئاۋاز ۋە كۆرۈنۈش ھالەتلىرىگە تەقلىد قىلىنغان سۆز-لەرمۇ بار. بۇنداق سۆزلەر شۇ خىل ئاۋاز ۋە ھالەتلەرنىڭ ئەينەن ئۆزى بولمىسىمۇ، ئەمما شۇ ئاۋاز ۋە ھالەتلەرنى دوراش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن سۆزلەردۇر. مەسىلەن، يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «غىچ» دېگەن سۆز ئىشىكنىڭ ئېچىلغان ۋاقىتتىكى ئاۋازىغا، «پاڭ ـ پۇڭ» دېگەن سۆز مىلتىقتىن ئېتىلغان ئوقنىڭ ئاۋازىغا تەقلىد قىلىنغان؛ «يالت ـ يۇلت» دېگەن سۆز چاقماقنىڭ چېقىلغان ۋاقىتتىكى كۆرۈنۈشىگە، «غال ـ غال» دېگەن سۆز ئادەمنىڭ توڭلاپ تىترىگەن ھالىتىگە تەق-لىد قىلىپ ئېيتىلغان.

**كىشىنىڭ ئاڭلاش سېزىمى، كۆرۈش سېزىمى ۋە ھېسسىي سېزىمىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر تەقلىد سۆزلەر دەپ ئا-تىلىدۇ.** مەسىلەن:

دېرىزە ئەينەكلىرى جاراڭ ـ جۇرۇڭ قىلىپ چېقىلدى. بېشىم پىر قىلىپ قېيىپ كەتتى.

## 1. تەقلىد سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى

1) ئاۋاز تەقلىدلىرى

ھەر خىل ئاۋازلارغا تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر ئاۋاز تەقلىدلىرى دەپ ئاتىلىدۇ، مەسىلەن:

شار ـ شار، جىرىڭ ـ جىرىڭ، شار ـ شۇر، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، تاراق ـ تۇرۇق، تىرىق ـ تىرىق، شىپ ـ شىپ، پۇش ـ پۇش، ۋىژ ـ ۋىژ، تاڭ ـ تۇڭ، ئىڭە ـ ئىڭە، غاق ـ غاق، مە، مۆ، ھاۋ ـ ھاۋ ...

2) ھالەت تەقلىدلىرى

ھەر خىل كۆرۈنۈش ـ ھالەتلىرىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر ھالەت تەقلىدلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ۋال ـ ۋۇل، پار ـ پۇر، يالت ـ يۇلت، غال ـ غال، پىل ـ پىل، ئىمىر ـ چىمىر، پىر ـ پىر، لەپ ـ لەپ، غىپ ـ غىپ، لۆم ـ لۆم ...

3) ھېسسىيات تەقلىدلىرى

كىشىلەرنىڭ ھېسسىي سېزىمىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر ھېسسىيات تەقلىدلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

لوق ـ لوق، سىر ـ سىر، چىم ـ چىم، زىڭ ـ زىڭ، شۇر ...

## 2. تەقلىد سۆزلەرنىڭ گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

1) بىر قىسىم تەقلىد سۆزلەر ئىسىم، سۈپەت ۋە رەۋىشنىڭ رولىدا كېلىپ، جۈملىدە شۇ سۆز تۈركۈملىرىگە ئوخشاش ۋەزىپىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

سىنىپتىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاڭلاندى. (ئىسىم)

ماشىنا غۇر قىلىپ يۈرۈپ كەتتى. (ھالەت)

2) تەقلىد سۆزلەر «قىل» پېئىلى بىلەن بىرىكىپ قوشما پېئىل ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

گۈپ قىلىپ، چىم قىلىپ، غاراس ـ غۇرۇس قىلىپ ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

3) بىر قىسىم تاق تەقلىد سۆزلەرگە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ، ياسالما پېئىل ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:
جاراڭ + لا = جاراڭلار، گۈلدۈر + لە = گۈلدۈرلە، پار + قىرا = پارقىرا

4) بىر قىسىم تاق تەقلىد سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشنى تەكرارلاپ، «ىدە» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق رەۋىش ياسىلىدۇ. مەسىلەن:
پاق — پاققىدە، شارت — شارتتىدە، گۈر — گۈررىدە...

5) بىر قىسىم تەقلىد سۆزلەرگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىسىم ۋە سۈپەت ياسىلىدۇ. مەسىلەن:
جاراڭ — جاراڭلىق، تاك - تاك — تاك - تاكچى

6) تەقلىد سۆزلەر ياسالمايدۇ.

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئاۋاز تەقلىدلىرىنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، ھالەت تەقلىدلىرىنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭ.

1 قارلىغاچلارنىڭ ۋىچىر - ۋىچىر سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

2 كېمە لەپەڭ - لەپەڭ قىلىپ تەۋرىنىشكە باشلىدى.

3 ئۇلار پىچىر - پىچىر قىلىشىپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشىۋاتاتتى.

4 ئۇ غىل - پال كۆرۈنۈپ قويۇپلا يوقاپ كەتتى.

5 گۈم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قۇشلار پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىشتى.

تەركىبىدە تەقلىد سۆز بار شېئىر ياكى قوشاقلارنى ئېيتىپ باقايلى.

تەركىبىدە تەقلىد سۆز بار جۈملە تۈزۈپ باقايلى، قېنى كىم جۈملىسىدە تەقلىد سۆزلەرنى ئەڭ كۆپ ئىشلىتەلەيدىكىن.

# مەشىق باغچىسى

## ئاغزاكى ئالاقە ۋە يېزىقچىلىق مەشقى



### ئاغزاكى ئالاقە

«دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كرۇزو»نى ئوقۇپ، ئۇنىڭ قاقاس ئارالدىكى كەچۈرمىشلىرىگە بەك قىزىققانسىز. روبىنزوننىڭ رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا، خىلمۇخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، قەيسەرلىك بىلەن ياشاش روھى سىزنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردىمۇ؟ گەرچە روبىنزوننىڭكىدەك كەچۈرمىشلەر ئىنتايىن ئاز ئۇچرىسىمۇ، بىراق ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىش، ئۆزىنى قوغداش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش ھەربىر كىشى ئۈچۈن بەك مۇھىم. بىز بۇ قېتىمقى ئاغزاكى ئالاقە ۋە يېزىقچىلىق مەشقىنى ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىش مەزمۇنىنى چۆرىدەپ ئېلىپ بارىمىز.

ئاۋۋال «ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىش» دېگەن سۆز خىيالىڭىزغا نېمىلەرنى كەلتۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ باقسىڭىز بولىدۇ. يەنە يولۇقتۇرغان، ئاڭلىغان ياكى تېلېۋىزور، گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق ۋاستىلەردىن ئىگىلىگەن ئۆزىنى قوغداشقا دائىر ئىشلارنى سۆزلىسىڭىزمۇ بولىدۇ. كىتاب ئوقۇشتىن كېيىنكى ئۇنىۋېرسال تەكراردىكى «ئەقىل - پاراسەت گۈللىرى»گە بىرلەشتۈرۈپ ياكى مۇناسىۋەتلىك تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرۈپ، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى قانداق

www.uyghurkitap.com

قوغدىغانلىقىنى ئىگىلەپ بېقىشقىمۇ بولىدۇ. ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ كۆرۈڭ: بىز قانداق خەتەر ياكى ئاپەتلەرگە دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن؟ قانداق تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك؟

ئاغزاكى ئالاقە ئاساسىدا، ئۆزىڭىزنىڭ كەچۈرمىشىنى ياكى باشقا يوللار بىلەن ئىگىلىگەن ئۆزىنى قوغداشقا دائىر ئىشلارنى يېزىپ باقسىڭىزمۇ، «دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كرۇزو»نى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتىڭىزنى يازسىڭىزمۇ بولىدۇ. يېزىپ بولغاندىن كېيىن، مەشىق ئەسەرىڭىزدىكى نامۇۋاپىق جايلارنى تۈزىتىڭ، ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن ئالماشتۇرۇپ تۈزىتىپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ.

## ئەسلەش ۋە كېڭەيتىش



### ئالاقە سەھنىسى

▲ بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەر بىزنى بەزى چەت ئەل ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ۋە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى جانلىق، خاراكتېرى روشەن پېرسوناژلار بىلەن ئۇچراشتۇردى. سىز قايسى چەت ئەل ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ۋە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى ئوقۇپ باققان؟ بۇ ئەسەرلەردىكى قايسى پېرسوناژلارنىڭ سىزگە بەرگەن تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر؟

▲ بۇ بۆلەكنى ئۆگىنىش ئاساسىدا، بىز يەنە چەت ئەل ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئۇسۇلى جەھەتتە پىكىر ئالماشتۇرساق بولىدۇ. مەسىلەن، چەت ئەل ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئوقۇشتا سىزگە ئەڭ

قىيىن بىلىنىدىغىنى نېمە؟ كىتاب ئوقۇشتىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنىڭ قانداق ئۇسۇللىرى بار؟ ھەجمى چوڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا، ئوقۇش سۈرئىتىنى قانداق تېزلىتىش كېرەك؟ قانداق قىلغاندا كىتاب ئوقۇش كارتىسى ياكى كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى يېزىش ئادىتى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ ... ۋەھاكازالار.

▲ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى تىل بايلىقىمىزنى ئاشۇرۇشتىكى قىممەتلىك بايلىق. بوش ۋاقتىلىرىمىزدا چۆچەكلەرنى ئوقۇش ياكى چۆچەك ئېيتىشىش ئارقىلىق، ئانا تىل قابىلىيىتىمىز ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىمىزنى ئاشۇرساقمۇ، چۆچەك ئېيتىش پائالىيىتى ياكى مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزسەكمۇ بولىدۇ.



## تىل خەزىنىسى

دۇرۇسلۇق — ئەخلاقنىڭ ئاساسى.

— (مىسىر) نەجىب مەھپۇز «يۇقىرالار داستانى»

كۆز يېشى ئازابنى يۇيۇۋېتەلمەيدۇ.

— (ئىسلاندىيە) راككېنىس «ئىسلاندىيە قوڭغۇرىقى»

ئەڭ ئۇلۇغ قاراش ئەڭ ئاددىي بولىدۇ.

— (ئەنگلىيە) گوردىن «چىۋىن پادىشاھ»

ئادەم ئۆزىنىڭ ئۈمىدى ئۈچۈن ياشايدۇ.

— (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) شولوخوف «تىنچ دون»

ئىشەنچكە ئېرىشىشنىڭ ئۆزى بىر گۆھەر، ئۇنى خالىغانچە تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

— (كولومبىيە) ماركوز «يۈز يىل غېرىبلىق»

شېغىل تاشنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان نەرسە بولقىنىڭ زەربىسى

ئەمەس، بەلكى سۇنىڭ تىنماي يالىشىدۇر.

— (ھىندىستان) تاگور «پەرۋاز قىلغان قۇش»

باتۇر، تەمكىن كىشىلەرلا قاراڭغۇلۇقتىن ئۆتۈپ، يورۇقلۇقنى كۆتۈۋالالايدۇ.

— (گۋاتېمالا) ئاستورىياس «قوناق ئادەم»

ئادەم ھەرگىز مەغلۇپ بولۇش ئۈچۈنلا تۇغۇلمايدۇ، سىز ئۇنى يوقىتىۋېتەلىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما مەغلۇپ قىلالمايسىز.

— (ئامېرىكا) ھېمىڭۋاي «بوۋاي ۋە دېڭىز»

## قىزىقارلىق ئەدەبىيات

### ئۆزگىچە سوئالغا ئەپچىل جاۋاب

فرانسىيە يازغۇچىسى ھيۇگو «خارلانغانلار» ناملىق تىرىلوگىيەسىنى يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن، قوليازمىنى بىر نەشرىيات سودىگەرگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. قوليازما ئەۋەتىلىپ خېلى ئۇزاققىچە جاۋاب كەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەغەزگە ناھايىتى چوڭ قىلىپ «؟» بەلگىسىنى سىزىپ، نەشرىيات سودىگەرگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، سودىگەرنىڭ جاۋاب خېتى كېلىدۇ. ھيۇگو خەتنى ئېچىپ قارىسا، بىرەر سۆزمۇ يېزىلمىغان بولۇپ، پەقەت «!» بەلگىسىلا سىزىپ قويۇلغانىكەن.

ھيۇگو ئەسەرنىڭ بېسىلىشىدىن ئۈمىد بارلىقىنى بىلىدۇ. دەرۋەقە، ئۇزاق ئۆتمەي «خارلانغانلار» نەشر قىلىنىدۇ ھەمدە زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ.

## چېكىت

بىر قېتىم، ئەنگلىيىلىك داڭلىق يازغۇچى ۋارد زىياپەت ئۆتكۈزىدۇ. مېھمانخانىدا قىستىلىشىپ خېلى ئۇزاق ساقلىغان بولسىمۇ ساھىبخانا كۆرۈنمىگەچكە، مېھمانلار بەك تىت ـ تىت بولۇپ كېتىدۇ. كېيىن، ۋارد ئالدىراپ ـ تېنىگىنىچە يېتىپ كېلىپ مېھمانلاردىن ئەپۇ سورايدۇ. مېھمانلار ئۇنىڭدىن نېمە قىلغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: «شېئىرىمنى تۈزىتىۋاتاتتىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مېھمانلار يەنە سورايدۇ: «شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتتا چوقۇم خېلى جىق ئىشلىۋالغانسىز؟» ۋارد كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىدۇ: «مەن ئىنتايىن چوڭ بىر ئىشنى قىلىۋالدىم، يەنى بىر چېكىتنى ئۆچۈرۈۋەتتىم، لېكىن كېيىن بۇنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى يەنە قوشۇپ قويدۇم.»

## ئەدىب ۋە پاشا

ئامېرىكا يازغۇچىسى مارك تۋېن مەلۇم جايدىكى مېھمانخانىغا بېرىپ قونماقچى بولىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا بۇ يەرنىڭ پاشىلىرى بەك يامان ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا ئېيتقانىدى. ئۇ مۇلازىمغا: «ئاڭلىسام، بۇ يەرنىڭ پاشىلىرى بەك ئەقىللىقمىش، ئۇلار كېچىدە كېلىپ قورسىقىنى تازا تويدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدىن كېلىپ ياتىقىمىنىڭ نومۇرىنى كۆرۈۋالامدىكىن دەيمەن» دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇلازىم ئىختىيارسىز قاتتىق كۈلۈپ كېتىدۇ.

نەتىجىدە، شۇ كېچىسى مارك تۋېن ناھايىتى ياخشى ئۇخلايدۇ، چۈنكى مۇلازىممۇ ئۇنىڭ ياتاق نومۇرىنى ئېسىدە تۇتۇۋېلىپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەپ قويىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئالىملارنىڭ ئىلمىي روھى

بىز پەن ـ تېخنىكا كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان دەۋردە ياشاۋاتىمىز. بىز خېلى كۆپ پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلىۋالدۇق. سىز ئالىملارنىڭ ئاساسلىق نېمىگە تايىنىپ ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەر بىزگە ھەر قېتىم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئىلمىي روھنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئۆگىنىشتە، ئاساسىي مەزمۇننى ئىگىلەپ، ئىلمىي روھنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلىپ باقايلى، شۇنداقلا كونكرېت پاكىتلاردىن پايدىلىنىپ قائىدە چۈشەندۈرىدىغان يېزىقچىلىق ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋالايلى. قىزىقىدىغان ساۋاقداشلار دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئالىملارنىڭ تەرجىمىھال ئەسەرلىرىنى ياكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ باقسا بولىدۇ.



# 18 ئەسىردىن ھالقىغان گۈزەللىك



1998 - يىلى كىيۇرى خانىم بىلەن ئېرىنىڭ رادىئو-ئاكتىپ ئېلېمېنت — رادىينى بايقىغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى.

بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى يەنى 1898 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، فرانسىيە ئاكادېمىيىسىدە ياش، چىرايلىق، چىرايىدىن تەمكىنلىك ۋە سەل ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان بىر خانىم ئالقىش سادالىرى ئىچىدە مۇنبەرگە چىقتى، شۇ ھامان پۈتۈن مەيدان تىمتاسلىقتا چۆمدى. ئۇنىڭ ئىسمى مارىيە كىيۇرى ئىدى. ئۇ بۈگۈن بۇ يەردە ئېرى پيئېر كىيۇرى بىلەن بىرلىكتە، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بايقاشنى، يەنى تەبىئىي رادىئوئاكتىپ ئېلېمېنت — رادىينىڭ تېپىلغانلىقىنى جاكارلىماقچىدى. ئەسلىدە كىيۇرى خانىم بۇ قېتىمقى دوكلاتنى ئېرىگە سۆزلەتمەكچىدى، بىراق پيئېر كىيۇرى سەن سۆزلىگىن دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، بىرەر ئايال فرانسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇنبىرىگە چىقىپ باقمىغانىدى. مارىيە

① بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى لياڭ خېڭ.

www.uyghurkitap.com

كيۇرى قارا رەڭلىك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، سۈزۈك، كېلىشكەن يۈزىدە قەتئىيلىك ھەمدە ئاتاق - ئاب-رۇيغا قىزىقماسلىق ئالامىتى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چوڭ، سەل ئورا كۆزلىرى ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغاندەك، كەلگۈسىنىمۇ كۆرەلەيدىغاندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ دوكلاتى مەيداننى زىلزىلىگە سالدى، فىزىكا ئىلمى يېڭى دەۋرگە قە-دەم قويدى، شۇنداقلا مارىيە كيۇرىنىڭ گۈزەل، تەمكىن ئوبرازىمۇ شۇنىڭدىن باشلاپ تارىخقا، ھەربىر كىشىنىڭ قەلبىگە ئورناپ كەتتى.

رادىئوئاكتىپلىقنى بايقىغۇچىلار ئارىسىدا كيۇرى خا-نىم ھەرگىز تۇنجى كىشى ئەمەس، لېكىن ئۇ ھالقىلىق شەخس. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، 1896 - يىلى 1 - ئايدا، گېر-مانىيىلىك ئالىم رونچ X نۇرىنى بايقىغان بولۇپ، بۇ سۆز-



ئىي رادىئوئاكتىپلىق ئىدى؛ 1896 ـ يىل 5 ـ ئايدا، فرانسىيىلىك ئالىم بېككېرېل تەبىئىي رادىئوئاكتىپلىقنى بايقىدى. گەرچە بۇلار يەنىلا تاسادىپىي بايقاشلار بولسىمۇ، كيۇرى خانىم بۇنىڭغا قارىتا يېڭى تەپەككۇرنى ئوتتۇرىغا قويدى: باشقا ماددىلاردا رادىئوئاكتىپلىق بارمۇ ـ يوق؟ ئۇ ـ نىڭ بۇ ئىزدىنىشى خۇددى دېڭىز ساھىلىدىن بىر تال قۇ ـ لۇلە قېپىنى تېپىۋېلىشقا ئوخشايتتى. يەنى، باشقىلار قۇلۇ ـ لە قېپىنى بىردەم ئويناپ تاشلىۋېتىشى مۇمكىن، ئەمما كيۇرى خانىم قۇلۇلە قېپىنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى، قانداق چوڭايغانلىقى، قانداق بولۇپ دېڭىز ساھىلىغا چىقىپ قالغانلىقىنى تەتقىق قىلغان بولاتتى. باشقىلار مېۋىنىڭ ئۆزىنى ئىزدىسە، ئۇ مېۋىنىڭ غولىنى ئىزدەيتتى، باشقىلار يوپۇرمىقىنى ئۈزسە، ئۇ يىلتىزىنى تاپاتتى. «رادىئوئاكتىپ ـ لىق» دېگەن سۆزنى كيۇرى خانىم ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇ پولونىينى بايقىدى، ئارقىدىن رادىينى بايقىدى. ساپ رادىينى ئايرىپ چىقىش ئۈچۈن، كيۇرى خانىم تەركىبىدە رادىي بولۇش ئېھتىمالى بولغان 1 توننا سانائەت داشقىلىغا ئېرىشتى. ئۇلار ھويلىغا بىر چوڭ قازاننى ئورنىتىپ، خام ئەشيانى بىر قازان ـ بىر قازاندىن تاۋلىدى، ئاندىن كېيىن لابوراتورىيىگە ئەكىرىپ ئېرىتتى، تىندۇردى، ئانالىز قىلدى. ئۇلارنىڭ لابوراتورىيىسى تاشلان ـ دۇق ئەسكى لاپاس بولۇپ، مارىيە كۈن بويى ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە قازاندىكى داشقالنى قوچۇيتتى. ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە قوللىرىدا كىسلاتا ـ ئىشقارنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن

www.uyghurkitap.com
تۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ھاسىل بولغان داغلار قالاتتى. بىر كۈنى، قاتتىق چارچىغان مارىيە سىرقىراپ ئاغرىۋاتقان بىلىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، ئۇستەلگە توشۇپ كەتكەن تەجرىبە نەيچىلىرى ۋە مىنزۇر-كىلارغا قارىغىنىچە، پىئېردىن: «سىزنىڭچە، رادىي قانداق شەكىللىك بولۇشى مۇمكىن؟» دەپ سورىدى. پىئېر: «مەن پەقەت ئۇنىڭ رەڭگىنىڭ چىرايلىق بولۇشىنىلا ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. ئارىدىن ئۈچ يىل توققۇز ئاي ئۆتتى، ئۇلار ئاخىر تۇننا - تۇننا رۇدا داشقىلىدىن 0.1 گرام رادىينى ئايرىۋالدى. ئۇنىڭ رەڭگى ھەقىقەتەن بەك چىرايلىق بولۇپ، قاراڭغۇ لاپاستا كۆكۈچ يالتىراق نۇر چېچىپ تۇراتتى.

بۇ چىرايلىق كۆكۈچ يالتىراق نۇر بىر ئائىلىنىڭ گۈزەل ھاياتى ۋە ئېگىلمەس ئېتىقادىغا سىڭىپ كىردى. مارىيەنىڭ تۇغما خاراكتېرىدە تېخىمۇ قىممەتلىك بىر نەرسە بار ئىدى، يەنى ئۇ تەۋرەنمەس، سۇباتلىق، قەيسەر ئىدى، ئۇلۇغۋار، مۇستەھكەم ئىنتىلىشكە ئىگە ئىدى. بۇ خىل قىممەتلىك خاراكتېر ۋە ئۇلۇغۋار ئىنتىلىش مارىيە كيۇرىنى بۇ ئۇلۇغ تەبىئىي بايقاشنى تاماملاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈردى، شۇنداقلا ئۇ كىشىلىك ھاياتىنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان بايقىشىنىمۇ تاماملىغان بولدى. رادىينى بايقىغاندىن كېيىنكى ئۈزلۈكسىز تەتقىقاتلار جەريانىدا، كيۇرى خانىمىدىمۇ توختاۋسىز ئۆزگىرىشلەر بولدى. خىزمەتتە كاتتا ئۇتۇم قازىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رادىي نۇرى ئۇنىڭ ئورگانىزمىنى خوراتتى. ئۇنىڭ گۈزەل، ساغلام رۇخسارى ئاستا - ئاستا رەڭگىدىن كەتتى، كۆزلىرى تورلىشىدىغان، قولاقلى-

-رى غۇۋۇلدايدىغان، پۈتۈن بەدىنى ھالسىزلىنىدىغان بولۇپ قالدى. پىئېر بەختكە قارشى بالدۇر تۈگەپ كەتتى، جەمئىيەتنىڭ ئاياللارنى كەمسىتىشى مارىيەنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىلمىي جەھەتتىكى يۈكىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. لېكىن، ئۇ ھېچنېمە بىلەن كارى بولماي، ئۈن - تىنسىز ئىشلەۋەردى. ئۇ چىرايلىق بىر قىزدىن؛ تەمكىن، قەيسەر ئىرادىلىك بىر ئايال ئالىمدىن پەننىي ئوقۇشلۇقلاردىكى يېڭى ئىسىم «رادىئوئاكتىپ» قا ئايلاندى، فىزىكا ئىلمىدىكى يېڭى ئۆلچەم بىرلىكى «كيۇرى»غا ئايلاندى، ئىلمىي تېئورىيىلەرگە ئايلاندى، ئىلىم - پەن تارىخىدىكى مەڭگۈلۈك نامايەندىگە ئايلاندى.

كيۇرى خانىمنىڭ گۈزەل نامى ئۇ رادىينى بايقىغان ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ دۇنياغا تارقىلىپ، تا ھازىرغىچە بىر ئەسىر ئۆتتى. بۇ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ياشلىقى، ئېتىقادى ۋە ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن شان - شەرەپ. ئۇ ئۆمرىدە ئون تۆرلۈك مۇكاپاتقا، 16 خىل مېدالغا، 107 پەخرىي نامغا، بولۇپمۇ ئىككى قېتىم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ ئەسلىدە ئاشۇ كاتتا مۇكاپات ياكى شان - شەرەپلەرنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈپ ياتسىمۇ بولۇۋېرەتتى، لېكىن ئۇ نام - مەنپەئەتنى ئەخلەت ئورنىدا كۆرەتتى، ئالغان مۇكاپات سوممىلىرىنى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى ۋە ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىكى فرانسىيىگە ئىئانە قىلىۋەتكەن، مېداللىرىنى بولسا ئالتە ياشلىق قىزىغا ئويۇنچۇق ئورنىدا ئوينىشى ئۈچۈن بېرىۋەتكەنىدى. ئۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا، 67 يېشىغىچە، يەنى بۇ

www.uyghurkitap.com

دۇنيادىن، سۆيۈملۈك تەجرىبىخانىسىدىن ئايرىلغۇچە باش چۆكۈرۈپ ئىشلىدى. ئۇ بۇ دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىنكى 40 يىلدا، ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرى داۋاملىق رادىئوئاكتىپ نۇر تارقىتىپ تۇردى.

مەشھۇر ئالىم ئېينىشتېين مۇنداق دېگەنىدى: «دۇنيادىكى بارلىق مەشھۇر شەخسلەر ئىچىدە، مارىيە كيۇرى نام-شۆھرەت تەرىپىدىن ئەركىلىتىۋېتىلمىگەن بىردىنبىر ئادەم.»



1 تېكىستنى ھېسسىياتلىق، ئۈنلۈك ئوقۇڭ. ئويلاپ بېقىڭ، تېكىست ماۋزۇسىدىكى «گۈزەللىك» تېكىستتىكى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلەنگەن؟

2 تېكىستتە مەنىسى چوڭقۇر بەزى جۈملىلەر بار، مەسىلەن، «بۇ ئۇلۇغ تەبىئىي بايقاشنى تاماملاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۇردى، شۇنداقلا ئۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان بايقىشىنىمۇ تاماملىدى» دېگەندەك. شۇنداق جۈملىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ مەنىسىنى چۈشىنىپ بېقىڭ.

3 ئۆزىڭىز ياقتۇرغان قىسمىنى يادلىۋېلىڭ. ئۆزىڭىز ياقتۇرغان جۈملىلەرنى كۆچۈرۈۋېلىڭ.

4 تۆۋەندىكى «ماس ئوقۇشلۇق»نى ئوقۇپ، تېكىستكە بىرلەشتۈرۈپ ئويلاپ بېقىڭ ۋە ھېس قىلغانلىرىڭىزنى ئاددىي قىلىپ يېزىپ چىقىڭ.

كيۇرى خانىمدىن ئىبارەت بۇ ئالىيجاناب شەخس ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان چاغدا، بىز ئۇنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسىنى ئەسلەش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالساق بولمايدۇ. ئالدىنقى قاتاردىكى ئەربابلارنىڭ دەۋر ۋە تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشىگە بولغان ئەخلاق جەھەتتىكى ئەھمىيىتى، بەلكىم، نوقۇل ئىستېداتىدىنمۇ زور بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكىسى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتىكى دەرىجىسىگە باغلىق بولۇپ، ئادەتتىكى قاراشلارنى زور دەرىجىدە بېسىپ چۈشىدۇ.

مەن بەختلىك ھالدا كيۇرى خانىم بىلەن 20 يىل ئالىيجاناب ۋە سەمىمىي دوستلۇق مۇناسىۋىتىدە بولدۇم. مەن ئۇنىڭ كىشىلىك پەزىلىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا بارغانسېرى قايىل بولغانىدىم. قەيسەرلىك، پاكلىق، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، ئوبيېكتىپلىق، تەۋرەنمەس ئادىللىق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا جەم بولغانىدى. ئۇ مەلۇم بىر يولنى توغرا دەپ قارىغان ھامان، قىلچە مادارا قىلماي ھەمدە ئىنتايىن قەيسەرلىك بىلەن شۇ يولدا مېڭىشنى داۋاملاشتۇراتتى.

ئۇ ھاياتىدا ئەڭ ئۇلۇغ نەتىجىسى ــ رادىئوئاكتىپ ئېلېمېنت رادىينىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاش ھەمدە ئۇنى ئايرىپ چىقىشتا، دادىل بىۋاسىتە سەزگۈسىگە تايىنىپلا قالماي، بەلكى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قىيىن ئەھۋالدا ئىشلەش قىزغىنلىقىغا تاياندى. بۇنداق قىيىنچىلىق تەجرىبە ئىلمى تارىخىدا ئاز ئۇچرايدۇ.

ياۋروپادىكى زىيالىيلاردا كيۇرى خانىمنىڭ پەزىلىتى ۋە قىزغىنلىقىنىڭ ئازغىنە بىر قىسمى بولغان بولسىمۇ، ياۋروپا بىر گۈزەل كېلەچەككە يۈزلەنگەن بولاتتى.

ــ ئېينىشتېين «مارىيە كيۇرىغا تەزىيە بىلدۈرىمەن»

www.uyghurkitap.com

كيۇرى خانىمنىڭ يارقىن مەنىۋى پەزىلىتى ئۇنى ئىلمىي تەتقىقات جەريانىدا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈردى. بۈگۈنكى كۈندە، زامانىۋى پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشىش شەخسىي تىرىشچانلىقتىن سىرت، يەنە نېمىگە موھتاج؟ تۆۋەندىكى تېكىستنى ئىچىمىزدە ئوقۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئالەمگە ئۇچۇش ئارزۇسى قانداق بولۇپ رېئاللىققا ئايلانغانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ باقايلى، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ بۇنىڭدىن نېمىنى ھېس قىلغانلىقىمىزنى سۆزلەپ باقايلى.

## 19* ئەمەلگە ئاشقان مىڭ يىللىق ئارزۇ

يەر شارىدىن ئايرىلىپ ئالەمنى ساياھەت قىلىش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى. جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدىلا «چاڭئېنىڭ ئايغا چىقىشى» ھەققىدىكى ئەپسانە، ئادەمنىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلغانلىقى، ھارۋىنىڭ ئاسماندا ماڭغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر، شۇنىڭدەك «سۇمۇرغدەك پەرۋاز قىلىش»، «كۆككە چىقىپ ئاينى ئۈزۈش» دېگەندەك ئاجايىپ - غارايىپ تەسەۋۋۇرلار تارقالغانىدى. قايناق ھېسسىيات ۋە مول تەسەۋۋۇرلۇق يەندى، خۇاڭدى ئەۋلادلىرى ئالەمگە ئۇچۇش گۈزەل ئارزۇسىنى ئاددىيلا تەسۋىرلەپ قالماي، يەنە نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئا-

① خەلق مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان «تىل - ئەدەبىيات» 6 - يىللىقلار ئۇچۈن 2 - قىسىم (خەنزۇچە) دەرسلىكتىن ئېلىندى.

شۇرۇش ئۈچۈن ئۇزلۇكسىز سىناق قىلىپ كەلگەنىدى.

جۇڭگونىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەلدار ۋەن خۇ دۇنيا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ راكېتاغا ئولتۇرۇپ ئاسمان- غا چىقىشنى تەجرىبە قىلغان ئادەم. ئۇ 47 راكېتانى ئورۇن- دۇقنىڭ ئاستىغا باغلاپ، ئۆزى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئىك- كى قولىدا ئىككى چوڭ لەگلەكنى تۇتقان هالدا، باشقىلارنى راكېتاغا ئوت يېقىشقا بۇيرۇغان. لېكىن، قاتتىق گۈلدۈر- لىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئۇ ئوت ۋە ئىس - تۈتەك ئىچىدە غايىب بولغان. شۇنداق قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ تۇنجى قې- تىملىق راكېتا بىلەن ئۇچۇش سىنىقى مۇۋەپپەقىيەت قازى- نالمىغان.

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ۋەن خۇنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلىشتەك ئىزدىنىش روهى كىشى-



لەرنىڭ قەلبىنى قاتتىق زىلزىلىگە سالغان هەمدە ئۇلارغا ئىلهام بولغان. ئۇ شۇ ۋەجىدىن خەلقئارا ئالەم قاتنىشى تارىخشۇناسلىرى- نىڭ ئورتاق ئېتىراپىغا ئېرىشكەن ئىنسانلارنىڭ ئالەمگە ئۇچۇش ئىزدىنى- شىدىكى ئاۋانگارت بولۇپ قالدى. ئۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، خەلقئارا ئاسترو-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

نومىيە بىرلەشمىسى ئايدىكى بىر ھالقىسىمان تاغقا «ۋەن خۇ» دەپ نام بەردى.

بىھېساب مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىغان، ئېغىر بەدەللەر-نى تۆلىگەن بولسىمۇ، قەتئىي ھەم چىداملىق يەندى، خۇاڭ-دى ئەۋلادلىرى يەر شارىدىن ئۇچۇپ چىقىش تىرىشچانلىقى-دىن باشتىن ـ ئاياغ ۋاز كەچمىدى.

1949 ـ يىلى يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىدا يېڭى بەت ئاچتى، جۇڭگونىڭ ئالەم قاتنىشى ئىشلىرىدىمۇ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بارلىققا كەل-دى. سوۋېت ئىتتىپاقى تۇنجى سۈنئىي ھەمراھنى قويۇپ بەرگەننىڭ ئىككىنچى يىلى، يەنى 1958 ـ يىلى رەئىس ماۋ زېدۇڭ تەنتەنىلىك ھالدا: «بىزمۇ سۈنئىي ھەمراھ ياسىشى-مىز كېرەك» دېدى. ئون نەچچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسى-تىش ئارقىلىق، 1970 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، تىنچ ھەم بىپايان ئاسماندا، تۇنجى قېتىم جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى، كۆكنى يېرىپ ئۆتكەن «شەرق قىزاردى» مۇزىكىسى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى جۇڭگولۇقلارنى ئىختىيارسىز ھاياجانغا سالدى. جۇڭگو دۇنيادىكى سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرەلەيدىغان 5 ـ دۆلەت بولۇپ قالدى.

سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىشكە ھازىرلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو ئالىملىرى تولۇپ تاشقان ئۈمىد بىلەن ئادەملىك ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسى توغرۇلۇق ئىزدىنىش-كە كىرىشتى.

1992 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، پارتىيە مەركى-

زىي كومىتېتى ئادەملىك ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. ئادەملىك ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشى جۇڭگونىڭ ئالەم قاتنىشى تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، تېخنىكىسى ئەڭ مۇرەككەپ، بىخەتەرلىك ۋە ئىشەنچلىكلىك تەلىپى ئەڭ يۇقىرى دەۋر ھالقىغان نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ئىدى. بۇ قۇرۇلۇشنى ئوڭۇشلۇق تاماملاش ئۈچۈن، 110 نەچچە ئورۇن تەتقىق قىلىپ ياساش، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە قويۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى بىۋاسىتە ئۈستىگە ئالدى، شۇنداقلا بۇ قۇرۇلۇشقا ھەمكارلىشىدىغان ئورۇنلار 3000دىن ئاشتى. تەجرىبىنىڭ ئىنچىكىلىكى ۋە جاپالىقلىقى پەن - تېخنىكا خادىملىرى، ئىشچىلار ۋە ئازادلىق ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرىدىن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. خىزمەتنىڭ ۋاقتىدا ئورۇندىلىشى، قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن، بەزى-



لەر يىپىنچىلىرىنى زاۋۇتنىڭ سىخلىرىغا ئەكىلىۋالدى؛ بەزىلەر ھاردۇق يېتىپ ئاغرىقچان بولۇپ قېلىپ، نەچچە قېتىملاپ دوختۇرخانىدا ياتتى؛ بەزى ياشلارنىڭ ياش تۇرۇپلا چاچلىرى ئاقىرىپ كەتتى؛ بەزىلەر ھەتتا بۇ ئىش ئۈچۈن پۈتۈن يۈرەك قېنى ۋە ھاياتىنى تەقدىم قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلغان ئاشۇ كۈنگە ئۇلىشالمايلا بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالدى...

مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن كىشىلەرنىڭ بوشاشماس تىرىشچانلىقى 2003 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاخىر نەتىجە بەردى. شۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇزدا، جيۇچۈەن سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش مەركىزىدە، قۇلاقنى يارغۇدەك كۈچلۈك ئاۋاز بىلەن تەڭ، دۆلىتىمىز ئۆزى تەتقىق قىلىپ ياسىغان «مۇقەددەس كېمە ـــ 5» ناملىق ئۇچار كېمە كۆككە كۆتۈرۈلدى، راكېتا بەئەينى تولغىنىۋاتقان گىگانت ئەجدىھادەك كۆرۈنىدىغان ھەيۋەتلىك ئەگرى سىزىقنى ھاسىل قىلىپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بىپايان ئاسماندا غايىب بولدى. 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سائەت 6 دىن 23 مىنۇت ئۆتكەندە، يەر شارىنى 14 قېتىم ئايلانغان ئۇچار كېمە ۋەتەن زېمىنىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك قايتىپ كەلدى. ئالەم ئۇچقۇچىسى ياڭ لىۋېي قونۇش مەيدانىدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ 21 سائەتلىك ئالەم سەپىرىنى: «ئۇچار كېمىنىڭ ئۇچۇشى نورمال بولدى. ئۆزۈمنى ناھايىتى ياخشى ھېس قىلىۋاتىمەن. مەن ۋەتىنىمدىن پەخىرلىنىمەن» دېگەن ئۈچ جۈملە سۆز بىلەن

يىغىنچاقلىدى. بۇ ئاددىي ئۈچ جۈملە سۆز ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان سانسىز كىشىلەرگە بىرىلگەن يۈك-سەك باھا ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى بولمىسا، بۇ قېتىمقى ئۇچۇش نورمال بولمايتتى، ئادەم ئۆ-زىنى ياخشى سېزىدىغان ئۇچار كېمە بولمىسا، بۇ قېتىمقى ئادەملىك ئالەمگە ئۇچۇش سەپىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنال-مايتتى.

ئېلىمىزنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئادەملىك ئالەمگە ئۇ-چۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى پۈتكۈل دۇنياغا، جۇڭگو ئادەملىك ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسىنى مۇستەقىل ئىگىلىگەن ئۈچىنچى دۆلەتكە ئايلانغانلىقىنى جاكارلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئارزۇسى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ چىڭ تۇ-رۇپ ئىزدىنىشى ھەمدە نەچچە ئون يىل بوشاشماي، ھارماي – تالماي كۈرەش قىلىشى بىلەن، ئاخىر بۈگۈن گۈزەل رېئال-لىققا ئايلانغانلىقىنىمۇ تولۇق ئىپادىلىدى.

2005 – يىل 10 – ئاينىڭ 12 – كۈنى، جۇڭگونىڭ ئالەم ئۇچقۇچىلىرى فېي جۈنلۇڭ، نىي خەيشېڭلار «مۇقەد-دەس كېمە — 6» ناملىق ئۇچار كېمىگە ئولتۇرۇپ، جۇڭگو-نىڭ 2 – قېتىملىق ئادەملىك ئالەمگە ئۇچۇش سەپىرىنى باشلىدى. 115 سائەت 32 مىنۇتلۇق ئالەمگە ئۇچۇش سەپە-رىدىن كېيىن، ئۇچار كېمىنىڭ قايتىش بۆلمىسى 17 – كۈنى سەھەر سائەت 4 تە قۇرۇقلۇققا ئوڭۇشلۇق قونۇپ، ئا-لەم ئۇچقۇچىلىرىمىز بىخەتەر قايتىپ كەلدى. «مۇقەددەس

كىمە ــ 6» نىڭ ئادەملىك ئالەمگە ئۇچۇش سەپىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى جۇڭگونىڭ ئادەملىك ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئادەم قاتنىشىدىغان ئالەم بوشلۇقى تەجرىبە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش جەھەتتىكى دەۋر بۆلگۈچ خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە زور غەلىبىسىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.

ئادەملىك ئالەم قاتنىشى ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئېشىشى جۇشقۇن ھېسسىيات ۋە جەلپكارلىققا ئىگە يەندى، خۇاڭدى ئەۋلادلىرىنىڭ تېخىمۇ ئۇلۇغۋار، تېخىمۇ گۈزەل ئارزۇسى ــ ئايغا قونۇش، مارس ھەققىدە ئىزدىنىش، تېخىمۇ ئىچكىرى، تېخىمۇ يىراق ئالەم بوشلۇقىنى ساياھەت قىلىشتىن ئىبارەت تېخىمۇ ئۇلۇغۋار، تېخىمۇ گۈزەل ئارزۇسىنى بارلىققا كەلتۈردى.



## 20 ھەقىقەت 100 سوئال بەلگىسىدىن كېيىن دۇنياغا كېلىدۇ

بىر كىشى مۇنداق بىر گەپنى قىلغان: ھەقىقەت 100 سوئال بەلگىسىدىن كېيىن دۇنياغا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ سۆزنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھەقىقەت.

ئۇزاق يىللار مابەينىدىكى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سالساق، قانۇن، تېئورېما، تەلىماتلارنى بايقىغۇچىلار، ياراتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دائىم كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغان ئۇششاق ھادىسىلەر ئىچىدىكى مەسىلىنى كۆرۈپ، تىنىمسىز سوئال قويۇپ، گۇمانلىق مەسىلىلەرنى ئۇزلۇكسىز ھەل قىلىپ، تېگى ـ تەكتىنى ئاختۇرۇپ، ئاخىرىدا «؟»نى تۇزلەپ «!»گە ئايلاندۇرۇپ، ھەقىقەتنى تېپىپ چىققان.

يۇيۇنۇش ئىنتايىن ئاددىي بىر ئىش، لېكىن ئامېرىكىنىڭ ماسساچوسېتېس شتاتلىق تەبىئىي پەن، سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتى ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى سېپرو مۇنداق بىر ئىشقا سەزگۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلغان: ھەر قېتىم ۋاننا سۇيىنى قويۇۋەتكەندە، سۇ قايىنمى سائەت ئىستىرېلكىسىغا قارشى يۆنىلىشتە ئايلىنىدىكەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ سېپرو بۇ سوئالنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، قايتا ـ قايتا تەجرىبە ئىشلىگەن ۋە تەتقىق قىلغان. 1962 ـ يىلى ئۇ ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خىل قاينام يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشى بىلەن مۇ-ناسىۋەتلىك، ئەگەر يەر شارى ئايلىنىشتىن توختاپ قالسا، بۇنداق قاينام پەيدا بولمايدۇ، دەپ قارىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، شىمالىي يېرىم شاردا، ۋاننا سۈيى سائەت ئىسترېلكىسىغا قارشى يۆنىلىشتە ئايلىنىدۇ، جەنۇبىي يېرىم شاردا ۋاننا سۈيىنىڭ قاينىمى سائەت ئىسترېلكىسى يۆنىلىشىدە ئايلىنىدۇ؛ ئېكۋاتوردا قاينام شەكىللەنمەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ قارىشى ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىدى، ئۇلار بەس - بەس بىلەن ھەرقايسى جايلاردا تەجرىبە قىلدى، نەتىجىدە سىپرونىڭ يەكۈنىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

17 ـ ئەسىرنىڭ بىر ياز كۈنى، ئەنگلىيىلىك داڭلىق خىمىيە ئالىمى پوئىر تەجرىبىخانىسىغا ئالدىراپ كېلىپ، ئەمدىلا بوسۇغىدىن ئاتلىنىشىغا، ئادەمنى كەيپ قىلىدىغان خۇش پۇراق بۇرنىغا ئۇرۇلدى. ئۇ گۈلخانىسىدىكى ئەتىرگۈللەرنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تۇيدى. ئۇ ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈللەردىن ئوبدان زوق ئېلىشنى ئويلىدىيۇ، بىر كۈنلۈك تەجرىبە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئويلاپ، بىرنەچچە تال رۇخسارگۈلنى ئۈزۈۋېلىپ، لىق سۈيى بار كولبىغا سېلىپ قويىدى، ئاندىن ياردەمچىلىرى بىلەن تەجرىبىنى باشلىۋەتتى. ئۇشتۇمتۇت بىر ياردەمچىسى ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر تامچە تۇز كىسلاتاسىنى رۇخسارگۈلگە تامدۇرۇۋەتتى، گۈلگە ئامراق پوئىر تۇتەك كۆتۈرۈلۈۋاتقان رۇخسارگۈلنى دەرھال سۇ بىلەن چايقاپ، لوڭقىغا سېلىپ قويىدى. كىم بىلسۇن،

گۈل بەرگلىرىگە سۇ تەگكەندىن كېيىن، تۇز كىسلاتاسى
تېمىپ كەتكەن گۈل بەرگى خۇددى مۆجىزە يۈز بەرگەندەكلا
قىزىل رەڭلىك بولۇپ قالدى. پوئېر شۇ ھامان رۇخسار-
گۈلدىكى بىر تەركىبنىڭ تۇز كىسلاتاسى بىلەن ئۇچراش-
قاندا قىزىلغا ئۆزگىرىدىغانلىقىنى سەزگۈرلۈك بىلەن باي-
قىۋالدى. ئۇنداقتا، بۇ ماددا زادى نېمىدۇ؟ باشقا ئۆسۈملۈك-
لەردىمۇ مۇشۇنداق ماددا بارمىدۇ؟ باشقا كىسلاتالار بۇ ماد-
دىغا قانداق تەسىر كۆرسىتەر؟ بۇنىڭ خىمىيە تەتقىقاتى
ئۈچۈن قانداق ئەھمىيىتى بولۇشى مۇمكىن؟ بۇ غەلىتە ھا-
دىسە ۋە بىرقاتار مەسىلىلەر پوئېرنىڭ نۇرغۇن تەجرىبە قى-
لىشىغا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كۆپ قىسىم گۈل —
گىياھلارنىڭ كىسلاتا ياكى ئىشقارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ
رەڭ ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى، لاكمۇس لىشاينىكىدىن ئېلىن-
غان بىنەپشە رەڭلىك ئېرىتمىدە بۇ ئەھۋالنىڭ ئەڭ روشەن
بولىدىغانلىقىنى، ئۇ كىسلاتا بىلەن ئۇچراشسا قىزىل رەڭ-
گە، ئىشقار بىلەن ئۇچراشسا كۆك رەڭگە كىرىدىغانلىقىنى
بايقىدى. پوئېر بۇ ئالاھىدىلىكتىن پايدىلىنىپ، تەجرىبىخا-
نىدا دائىم ئىشلىتىلىدىغان كىسلاتا - ئىشقارلىق تەجرىبە
قەغىزى — لاكمۇس قەغىزىنى ياسىدى. كېيىنكى 300 يىل
مابەينىدە، بۇ تەجرىبە قەغىزى خىمىيە تەجرىبىسىدە كەڭ،
ئىزچىل ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

ئاۋستىرىيىلىك بىر دوختۇرنىڭ ئىشى تېخىمۇ قىزىد-
قارلىق. بىر قېتىم ئۇ ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنىڭ كۆز قارىچۇق-
لىرىنىڭ تۇيۇقسىز ئايلانغانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئۇ تول-

مۇ غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، دەرھال ئوغلىنى چاقىرىپ ئويغاتتى، ئوغلى بايا چۈش كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ دوختۇر كۆز قارىچۇقىنىڭ ئايلىنىشى چۈش كۆرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىدۇ، قانداق مۇناسىۋەتتى بولۇشى مۇمكىن، دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇنىڭ جاۋابىنى تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىرقاتار گۇمانلىق سوئاللار ئىچىدە، ئوغلى، ئايالى، قولۇم - قوشنىلىرىنى تەجرىبە ئوبيېكتى قىلىپ، قايتا - قايتا كۆزىتىپ ۋە تەجرىبە قىلىپ، ئاخىر مۇنداق يەكۈننى چىقاردى: ئۇخلاۋاتقان ئادەم كۆز قارىچۇقىنى ئايلاندۇرغاندا، ئۇ ھەقىقەتەن چۈش كۆرۈۋاتقان بولىدۇ. ھازىر، كىشىلەر چۈش فىزىئولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىپ، كۆزنىڭ ئايلىنىش قېتىم سانىغا ۋە ۋاقتىغا ئاساسەن، ئادەمنىڭ چۈش كۆرۈش قېتىم سانى ۋە چۈشىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى ئۆلچەيدىغان بولدى.

ۋاننا سۈيىنىڭ قايىنىمى، رۇخسارگۈلنىڭ رەڭ ئۆزگەرتىشى، ئۇخلىغاندا كۆز قارىچۇقىنىڭ ئايلىنىشى دېگەنلەر ئىنتايىن ئادەتتىكى ئىشلار. ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىشكە ماھىر كىشىلەر بۇلاردىن پايدىلىنىپ بايقايدۇ، كەشپ قىلىدۇ، ئىجاد قىلىدۇ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ.

ئىلىم - پەن تارىخىدا، بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ، بۇ، ئىلىم - پەننىڭ سىرلىق ئەمەسلىكىنى، ھەقىقەتنىڭ ھەرگىز يىراق ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. سىز كىچىككىنە بەلگىسىنى كۆرۈپلا ماھىيىتىگە يېتىشكە، سوئال قويۇشقا ماھىر بولسىڭىز ھەمدە ئۇزلۇكسىز ئىزدەنسى-

ڭىزلا، بىرنەچچە سوئال بەلگىسىگە جاۋاب تاپقاندىن كې-
يىن، ھەقىقەتنى بايقىيالايسىز.

ئەلۋەتتە، كىچىككىنە بەلگىسىنى كۆرۈپلا ماھىيىتىگە
يېتىش، سوئال قويۇشقا ماھىر بولۇش ھەمدە ئۈزلۈكسىز
ئىزدىنىش قابىلىيىتى بىكاردىنلا پەيدا بولۇپ قالمايدۇ.
خۇددى ماتېماتىكا ئالىمى خۇا لوگېڭنىڭ ئېيتقىنىدەك،
ئىلىم - پەن ئىلھامىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا
بولمايدۇ. ئەگەر ئىلىم - پەن ساھەسىدە ئاللىقانداق تاسادى-
پىي پۇرسەت بار دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇنداق «تاسا-
دىپىي پۇرسەت» تەييارلىقى بار، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈ-
زۈشكە ماھىر كىشىلەرگە، تىرىشچانلىق روھىغا ئىگە كى-
شىلەرگىلا مەنسۇپ بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com



1 تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇڭلار. ئويلاپ بېقىڭلار، «ھەقىقەت 100 سوئال بەلگىسىدىن كېيىن دۇنياغا كېلىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

2 ئاپتور قايسى مىساللاردىن پايدىلىنىپ ئۆز قارىشىنى چۈشەندۈرگەن؟ سىز تولۇقلاپ قايسى مىساللارنى كەلتۈرەلەيسىز؟ كونكرېت سۆزلەپ بېقىڭ.

3 تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، تىرناق ئىچىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ.

1) ئاخىرىدا «؟»نى تۈزلەپ «!»گە ئايلاندۇرۇپ، ھەقىقەتنى تاپقان. (پۈتۈن تېكىستكە باغلاپ ئويلاپ بېقىڭ، بۇ يەردىكى «؟»، «!»نىڭ ھەرقايسىسى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئاپتورنىڭ بۇنداق ئىپادىلىشىنىڭ قانداق پايدىسى بار؟)

2) سىز كىچىككىنە بەلگىنى كۆرۈپلا ماھىيەتكە يېتىشكە، سوئال قويۇشقا ماھىر بولسىڭىز ھەمدە ئۈزلۈكسىز ئىزدەنسىڭىزلا، بىرنەچچە سوئال بەلگىسىگە جاۋاب تاپقاندىن كېيىن، ھەقىقەتنى بايقىيالايسىز. («كىچىككىنە بەلگىسىنى كۆرۈپلا ماھىيىتىگە يېتىش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ بۇ جۈملىنىڭ تېكىست مۇقەددىمىسى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟)

4 سىزگە ئىلھام بېغىشلىغان جۈملىلەرنى كۆچۈرۈۋېلىڭ.

### يېزىقچىلىق مەشقى

تېكىستنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىغا تەقلىد قىلىپ بىر پارچە يېزىپ، كونكرېت پاكىتلاردىن پايدىلىنىپ بىرەر كۆزقاراشنى چۈشەندۈرۈڭ. مەسىلەن، «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە»، «كەمتەرلىك ئادەمنى ئالغا باستۇرىدۇ، تەكەببۇرلۇق ئارقىدا قالدۇرىدۇ».

ئىلمىي روھ ئالىملارنىڭ تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللى-
نىشىدا كەم بولسا بولمايدۇ. بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئىلمىي روھنى
كۆندىلىك تۇرمۇش، ئۆگىنىش جەريانىدا تەدرىجىي يېتىلدۈرۈشى-
مىزگە توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندىكى تېكىستنى ئىچىڭىزدە ئوقۇڭ ۋە
ئويلاپ بېقىڭ، تېكىستتە قانداق ئىش سۆزلەنگەن؟ ئاپتور نېمە ئۈ-
چۈن ۋاتسېن ئەپەندىنى «ئەڭ ياخشى ئۇستازىم» دەيدۇ؟ سىز بۇنداق
ئوقۇتقۇچىنى ياقتۇرامسىز؟

## 21* مېنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇستازىم

ۋاتسېن ئەپەندى 6 - يىللىقتىكى چېغىمدا «ئىلىم -
پەن» دەرسى بەرگەن ئوقۇتقۇچۇم. ئۇ خاسلىققا ئىگە، ئوقۇ-
تۇش ئۇسۇلى ئۆزگىچە ئوقۇتقۇچى ئىدى، دائىم خىيالى-
مىزغا كىرمەيدىغان ئىشلارنى قىلاتتى. تۇنجى كۈندىكى
دەرس ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۇ «مۇشۇكسىمان كىرپە» دېگەن
بىر ھايۋان توغرۇلۇق سۆزلىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ
ھايۋان كېچىسى ھەرىكەت قىلىدىكەن، لېكىن تەبىئىي
شارائىتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشالمىغانلىقتىن نەسلى
قۇرۇپ كەتكەنىكەن. ئۇ سۆزلەۋېتىپ، بىزگە بىر باش سۆ-
ڭەكنى كۆرسەتتى. ھەممىمىز ئەستايىدىللىق بىلەن
كونسپېكت يازدۇق، ئاندىن كېيىن دەرسخانىدا ئۆگەنگەنلى-
رىمىزگە ئاساسەن سىناق ئىشلىدۇق.

سىناق قەغىزى تارقىتىلغاندا، مەن قاتتىق چۆچۈپ
كەتتىم ۋە سىناق قەغىزىمگە چەكچىيىپ قاراپلا قالدىم،
چۈنكى مەن يازغان ھەربىر جاۋابىمنىڭ كەينىگە قىزىل رەڭ-

لىك ئىنكار بەلگىسى سىزىپ قويۇلغانىدى. مەن نۆل ئاپ-تىمەن! بۇ ئادالەتسىزلىك، چۈنكى مەن ھەربىر سوئالغا دەرسخانىدا يازغان خاتىرەمگە ئاساسەن جاۋاب بەرگەنىدىم. يەنە كېلىپ، قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن كىشى مەن بىرەيلەنلا ئەمەس بولۇپ، سىنىپىمىزدىكى ھەممەيلەن نۆل ئاپتىمىز.

— بۇنىڭ سەۋەبى تولىمۇ ئاددىي، — دېدى ۋاتسېن ئە-پەندى، — مۇشۇكىسمان كىرپە توغرىسىدا ئېيتقانلىرىمى-نىڭ ھەممىسىنى قەستەن توقۇغان. بۇنداق ھايۋان ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان. شۇڭا، سىلەرنىڭ كونسپېكتىڭلارغا خاتى-رىلىگىنىڭلار تامامەن خاتا ئۇچۇرلار. ئەجەبا، خاتا ئۇچۇرغا ئاساسەن خاتا جاۋاب بەرسەڭلار، نۆل قويسام بولمامدىكەن؟

ھەممىمىز ئاچچىقتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدۇق. بۇ قانداق سىناق؟ ۋاتسېن ئەپەندى قانداق يول تۇتقان مۇئەل-لىم؟

ۋاتسېن ئەپەندى بىزنىڭ كەيپىياتىمىز بىلەن زادىلا كارى بولمىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— ھەربىر ئادەم شەيئىلەرنىڭ راست - يالغانلىقى ئۈستىدە مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە مۇستەقىل ھۆ-كۈم قىلىش قابىلىيىتىگە، شۇنىڭدەك گۇمانلىنىش قابى-لىيىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. سىلەرگە كۆرسەتكىنىم ئا-دەتتىكى بىر مۇشۇكنىڭ باش سۆڭىكى. يەنە كېلىپ، مەن دەرس ئۆتۈۋاتقاندا، سىلەرنى «تاكى ھازىرغا قەدەر، دۇنيادا بۇنداق ھايۋاننىڭ بىرەر ئىزناسىمۇ بايقىلىپ باقمىدى» دەپ ئەسكەرتتىم. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، بۇ باش سۆڭىكى نەدىن

كېلەتتى؟ ئەينى چاغدا، بىرىڭلارمۇ گۇمانىي سوئالىڭلارنى ئېيتىپ باقمىدىڭلار. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ ... خېلى كۆپ ئىدى. مۇشۇكسىمان كىرپە دېگەن غەلىتە ئىسىمنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ، سىلەر بۇنىڭدىن ئازراقمۇ گۇمانلانمىدىڭلار.

ۋاتسېن ئەپەندى بۇ قېتىمقى سىناقتىكى نۆل نومۇرنى ھەربىرىمىزنىڭ نەتىجە كۆرسەتكۈچىمىزگە كىرگۈزىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ بىزنىڭ بۇ نۆلدىن ساۋاق ئېلىپ، مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇشىمىزنى، مەسىلىنى بايقىغان ھامان دەرھال كۆرسىتىشىمىزنى ئۈمىد قىلدى.

شۇنىڭدىن تارتىپ، «ئىلىم - پەن» دەرسى بىز ئۈچۈن بىر خىل «تەۋەككۇلچىلىك»كە ئايلاندى، ۋاتسېن ئەپەندى



ھەر ئاماللارنى قىلىپ بىزگە ئۆزىنىڭ خىرىسىنى قوبۇل قىلدۇراتتى. بەزىدە ئۇنىڭ قارىماققا توغرىدەك كۆرۈنىدىغان «نۇقتىئىنەزەر»ىنى رەددىيە بېرىپ ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، بىز دائىم دەرستىن كېيىنكى بىرنەچچە سائەت، ھەتتا بىر-نەچچە كۈن ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ پىكىر يۈرگۈزەتتۇق ۋە دەلىللەيتتۇق. ھالبۇكى، قىزىقارلىق ھەمدە غىدىقلاشقا تولغان ھەربىر جەرياندا، بىلىمىمىز تەدرىجىي كۆپىيىپ باراتتى ھەمدە ھەقىقەتكە قانداق يېقىنلىشىشنى تەدرىجىي بىلىۋالاتتۇق.

بۇ، ئۆمۈرلۈك نەپكە ئېرىشتۈرىدىغان بىر خىل ساۋاق ئىدى. ۋاتسېن ئەپەندى ماڭا ۋە مېنىڭ ساۋاقداشلىرىمغا مۇنداق مۇھىم ھەقىقەتنى تونۇتتى: كىتابقا چوقۇنماسلىق، نوپۇزغا چوقۇنماسلىق كېرەك.

ئەلۋەتتە، ۋاتسېن ئەپەندىنىڭ ئۇسۇلىنى ھەممىلا كىشىنىڭ چۈشىنىپ كېتەلىشى ناتايىن. بىر قېتىم، مەن ۋاتسېن ئەپەندىنىڭ ئۇسۇلىنى بىر دوستۇمغا تونۇشتۇردۇم. ئۇ بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى ۋە: «ئۇ سىلەرنى بۇنداق كولدۇرلاتسا قانداق بولىدۇ؟» دېدى. مەن شۇ ھامان بۇ دوس-تۇمنىڭ كۆزىگە قاراپ قويدۇم ھەمدە: «ياق، سىنىڭ بۇ قا-رىشىڭ خاتا!» دېدىم.

## تىنىش بەلگىلەر

1. چېكىت (.)

1) ئاددىي ۋە مۇرەككەپ شەكىلدىكى بايان جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بىز تىرىشىپ ئوقۇيمىز. ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىردى، دەرس باشلاندى.

2) ئۆتۈنۈش، تىلەك، مەسلىھەت مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بېقىڭ. ئەخمەت، بۇياققا كەلگىنە.

3) قىسقارتىپ يېزىلغان خاس ئىسىملاردىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئا. ئۆتكۈر (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر)

4) پىكىرنىڭ رەت ـ تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان قاتار سانلاردىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ.

2. سوئال بەلگىسى (؟)

سوئال مەنىسىدىكى ئاددىي ۋە مۇرەككەپ جۈملىلەردىن كېيىن سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ. ئەگەر مۇرەككەپ سوئال جۈملە بولسا، تەركىبىدىكى ھەربىر ئاددىي جۈملىنى ئالاھىدە تەكىتلەشكە توغرا كەلسە، ھەربىرىدىن كېيىن سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

سىز كىم؟ ماتېماتىكا پەن ئەمەسمۇ؟ ئۇنى ئۆگەنمىسىمۇ بولامدۇ؟

3. ئۈندەش بەلگىسى (!)

1) ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ ۋە شوئار، چاقىرىق مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ياشىسۇن خەلق قەھرىمانلىرى!

2) كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلغان ئىملىق سۆز ۋە قاراتما سۆز-لەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ھوي ئاكا! توختاپ تۇرۇڭا.

3) بەزى جۈملىلەردە ئۈندەش ھەم سوراق مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىسىغا ھەر ئىككى بەلگە قاتار قويۇلىدۇ، قايسى مەزمۇن كۈچلۈك بولسا، شۇ خاراكتېرنى ئىپادىلىگۈچى بەلگە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ۋاي – ۋۇي، نېمىدىگەن گۈزەل جاي بۇ!؟

4. پەش (،)

1) مۇرەككەپ جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى بىر – بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

كىم تىرىشچان بولسا، شۇ نەتىجە قازىنىدۇ.

2) جۈملىدىكى تەڭداش بۆلەكلەرنىڭ ئارىسىغا پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

مەن قەلەم، كىتاب ۋە دەپتەر سېتىۋالدىم.

3) جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى باشقا بۆلەكلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئەخمەت، بۇياققا كېلىڭە.

4) تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر قارىمۇقارشى باغلىغۇچىلار، سەۋەب باغلىغۇچىلىرى، كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچىلار بىلەن باغلانغان ھەمدە «ھەم» باغلىغۇچىسى تەكرارلانغاندا، ئالدىغا پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ھەم يوغان، ھەم قىزىل ئالما سېتىۋالدىم.

5. چېكىتلىك پەش (؛)

ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى مۇرەككەپ جۈملە بىلەن ئاددىي جۈملىنى ياكى مۇرەككەپ جۈملىلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن چېكىتلىك پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ھاياتلىق بولمىسا، ئۆلۈم بولمايدۇ؛ ئۆلۈم بولمىسا، ھاياتلىق بولمايدۇ.

6. قوش چېكىت (:)

1) كۆچۈرمە جۈملىنىڭ بېشىدا كەلگەن ئاپتور سۆزىدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

مۇئەللىم بىزگە: «چوڭلارغا سالام بېرىشنى ئۇنتۇماڭلار» دېگەنىدى.

2) ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆز ۋە جۈملىلەردىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

تېببىي ئىلىم ئىككى نەرسىنى مەقسەت قىلىدۇ: بىرى، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بىرى كېسەللىكنى داۋالاش.

3) ئەدەبىي ئەسەرلەردە دىئالوگدىن بۇرۇن كەلگەن ئاپتور سۆزىدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

مەكتەپ مۇدىرى:

— ساناپ كۆردۈڭمۇ، قانچە ئىكەن؟ — دېدى.

7. قوش تىرناق (« »)

1) تېكىست ئىچىدە كەلگەن كۆچۈرمە سۆز ۋە جۈملىلەر ھەمدە كىتاب، گېزىت، ژۇرنال، ماقالە - ئەسەرلەرنىڭناملىرى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

«تارىم ژۇرنىلى» ئايدا بىر سان چىقىدۇ.

2) ئەسلىي مەنىنىڭ ئەكسىچە مەنىدە ئىشلىتىلگەن سۆزلەر قوش

www.uyghurkitap.com

تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

سەن مېنىڭ «ياخشى» دوستۇم ئىكەنسەن.

8. يالاڭ تىرناق (< >)

قوش تىرناق ئىچىدە كەلگەن كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال ۋە ئەسەرلەرنىڭ ناملىرى ھەمدە كۆچۈرمە سۆز ۋە جۈملىلەر يالاڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

نەۋائىي: «ھەممە پەزىلەتلەر يىغىلسا، ‹ئېھسان› دېگەن نامغا لايىق بولىدۇ» دېگەنىدى.

9. تىرناق (( ))

1) جۈملىدىكى ئىزاھلىغۇچى ۋە ئىزاھ خاراكتېرىدىكى قىستۇرما سۆز، جۈملىلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

مەن بۇ مەكتەپتە (14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە) ئوقۇيمەن.

2) كۆچۈرۈلگەن ياكى نەقىل ئېلىنغان جۈملىلەرنىڭ ئورنى ياكى ئاپتورنى ئىزاھلاش ئۈچۈن تىرناق قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئانا» ناملىق شېئىر (ئاپتورى بۇغدا ئابدۇللا) بەك ياخشى يېزىلغان.

3) دراما ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ـ جۈملىلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەمەت (سىرتقا ماڭىدۇ)

10. سىزىق (ــ)

1) جۈملىنىڭ ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ باش كېلىشتىكى ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردىن بولسا، بۇنداق ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: تۇرمۇش — كۈرەش دېمەكتۇر.

2) دىئالوگلاردا ھەربىر سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزى يېڭى قۇردىن باشلانغاندا، ئۇنىڭ ئالدىغا سىزىق قويۇلىدۇ، مەسىلەن:

— سىزمۇ قاتنىشامسىز؟

— جېنىم بىلەن.

3) تەڭداش بۆلەكلەردىن كېيىن كەلگەن ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆز-لەرنىڭ ئالدىغا سىزىق قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە يەر، سۇ، ئورمان بايلىقلىرى — ھەممىسى خەلققە مەنسۇپ.

4) جۈملە تەركىبىدىكى ئىزاھلىغۇچى بۆلەك تىرناق ئىچىگە ئې-لىنمىسا، ئىزاھلىغۇچى بىلەن ئىزاھلانغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سى-زىق قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ سىنىپ — 1- يىللىق 1- سىنىپ ئەمگەككە قاتناشتى.

5) ئاپتور سۆزى بىلەن پېرسوناژ سۆزى ئارىلاش كەلگەندە، بۆلار-نى ئايرىپ ئىپادىلەش ئۈچۈن سىزىق قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

— ئەخمەت، — دېدى ئايگۈل، — سىزنى چاقىرىۋاتىمەن.

6) جۈملىنىڭ ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بى-لەن تۈرلەنگەن ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەردىن بول-سا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

زىددىيەتنىڭ كۈرىشى — شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەن-دۈرگۈچ كۈچى.

11. سىزىقچە (-)

1) جۈپ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

مال - مۈلۈك، ھەق - ناھەق ...

2) دەرىجە سانلاردىن كېيىن سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

1 - سىنىپ 2 - ئورۇن

www.uyghurkitap.com
تۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

3) جۈملە ئاخىرىغا كەلگەن ھە، دە، يۇ، يە، يۈكلىمىلىرىنىڭ ئال-
دىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن: سىزمۇ كەپسىز ـ دە.

4) سۆزلەرنى بوغۇم بويىچە قۇردىن قۇرغا كۆچۈرگەندە سىزىقچە
قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

شامال-　　ئۈزۈم-　　ئوقۇ-

-باغ　　-چى　　غۇچىلار

12. كۆپ چېكىت (...)

1) پىكىرنىڭ تولۇق ئاياغلاشمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كۆپ
چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بىز ھەققىدە گەپ قىلىدىغان ۋاقىت كېلىدۇ ...

2) سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىدىكى قورقۇش، جىددىيلىشىش، دۇ-
دۇقلاش سەۋەبىدىن بولىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن
كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ــ مەن ... مەن ... بۇ ئىشنى ...

3) كۆچۈرمە جۈملىلەردە مەلۇم بۆلەكلەرنىڭ تولۇق ئېيتىلماي
قالدۇرۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆپ چېكىت قويۇلى-
دۇ. مەسىلەن:

«كۆرەش قىلىدىكەنمىز قۇربان بېرىشلەر بولىدۇ ...»

4) دىئالوگلاردا جاۋابسىز قالدۇرۇلغان ئورۇنلارنى كۆرسىتىش
ئۈچۈن كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ــ ئىسمىڭ نېمە؟

ــ ...

تۆۋەندىكى مەسىلىنى ئوقۇپ، تېگىشلىك ئورۇنلىرىغا مۇۋاپىق تى-
نىش بەلگىلىرىنى قويۇڭ.

## خوراز بىلەن بۆرە

بىر بۆرە قاشا ئۈستىدە ئولتۇرغان خورازنى كۆرۈپ ئۇنى ئالداپ يېمەكچى بوپتۇ دە ئاستا قاشانىڭ يېنىغا كەپتۇ

ھەي خوراز مەن ساڭا بىر خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم دەپتۇ بۆرە يېقىندا ھايۋانلار بىلەن قۇشلار ئارىسىدا بىر بىرىگە قارا نىيەتتە بولماسلىق بىر بىرىنى بوزەك قىلماسلىق بىر بىرى بىلەن ئىناق ئۆ- تۈش توغرۇلۇق توختام تۈزۈلدى ئەمدى بىزدىن قورقمىساڭمۇ بولىدۇ يەرگە چۈش دوست بولۇپ ئوينايمىز

خوراز بۆرىدىن ھېچقاچان ۋاپا كەلمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەچ- كە ئۇمۇ چاندۇرماي

بۆرە دوستۇم سۆزۈڭنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىمەن لېكىن ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرساڭ ئىككى ئىت ئاغىنەم كەلمەكچىدى شۇلار كەلگەندە ھەممىمىز بىللە بارايلى دەپتۇ

بۆرە خورازنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئىككى ئىت كەلسە ئۆزىنىڭ تۈگىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ قۇيرۇقىنى قىسقان پېتى قېچىپتۇ

«بىر كېچىدىكى خىزمەت» دېگەن تېكىستتىكى تىنىش بەلگىلەر- نىڭ ئىشلىتىلىشى ھەققىدە ئۆزئارا پىكىرلىشىپ باقايلى.

ئۆزىمىز يازغان ئەسەرلەردىكى تىنىش بەلگىلەرنىڭ ئىشلىتىلى- شىنى تەكشۈرۈپ باقايلى.

www.uyghurkitap.com

# مەشىق باغچىسى

## ئاغزاكى ئالاقە ۋە يېزىقچىلىق مەشقى



### ئاغزاكى ئالاقە

## پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ پايدىسى چوڭمۇ ياكى زىيىنىمۇ

پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى تۇرمۇشىمىزدا زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. لېكىن، بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىلا ياخشى يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋەرمەيدۇ، بەزىدە پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئىنسانلارغا يېڭى مەسىلىلەرنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ئاپتوموبىلنىڭ كەشىپ قىلىنىشى كىشىلەرنىڭ يول يۈرۈشىنى قولايلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، مۇھىت بۇلغىنىش مەسىلىسىنى ئېلىپ كەلدى. بۇنداق مەسىلىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ بۇ قېتىم بىز «پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ پايدىسى چوڭمۇ ياكى زىيىنىمۇ» دېگەن مەسىلىنى چۆرىدەپ، بىر مەيدان مۇنازىرە يىغىنى ئۆتكۈزەيلى.

ئالدى بىلەن، ھەركىم ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئىپادىلەپ باقسۇن، «پايدىسى چوڭ» دەپ قارايدىغانلار «ئا» تەرەپ، «زىيىنى چوڭ» دەپ قارايدىغانلار «ب» تەرەپ بولسۇن. مۇنازىرىلىشىشتىن بۇرۇن، ھەر-

قايسى تەرەپلەر ئۆز قارشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان كونكرېت
مىساللار ۋە ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل توپلىسا، يەنە قارشى تەرەپنىڭ
قايسى جەھەتلەردىن قارشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقى،
بۇلارغا قانداق رەددىيە بېرىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق مۇزاكىرىلەشسە
بولىدۇ. مۇنازىرىلەشكەندە، مۇۋاپىق مىساللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆ-
زىمىزنىڭ ئوي - پىكرىمىزنى چۈشەندۈرسەك بولىدۇ. دېمەكچى بول-
غانلىرىمىزنى تەرتىپلىك، ئېنىق چۈشەندۈرۈشكە دىققەت قىلىشى-
مىز كېرەك. مۇنازىرە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، رىياسەتچى خۇلاسە
قىلىپ، ئىككى تەرەپنى پەن - تېخنىكىنىڭ تۇرمۇشىمىزغا بولغان
تەسىرىگە ئەتراپلىق قاراشقا يېتەكلىشى لازىم.



www.uyghurkitap.com

## يېزىقچىلىق مەشقى

بۇ قېتىمقى يېزىقچىلىق مەشقىدە تېما چېقىرىلمايدۇ، مەزمۇن دائىرىسىمۇ چەكلەنمەيدۇ، ئىختىيارىي ئىپادىلىسىڭىز بولىدۇ. ئەڭ قىزىقىدىغان ئادەم، ئىش، مەنزىرە، شەيئىلەرنى يازسىڭىزمۇ، تەسەۋۋۇرلىرىڭىزنى يازسىڭىزمۇ، باشقا مەزمۇنلارنى يازسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ. يازغاندا مەزمۇن كونكرېت، سۆز ـ جۈملىلەر راۋان، ھېسسىيات چىن بولۇشى كېرەك.

باشلانغۇچ مەكتەپ ھاياتىڭىز ئاياغلىشاي دەپ قالدى، ئۆزىڭىزنىڭ مەشىق ئەسەرلىرىڭىزدىن بىر توپلام تۈزۈشىڭىزنى تەكلىپ قىلىمىز. ئاۋۋال ئۆزىڭىز بىرقەدەر رازى بولىدىغان ئەسەرلىرىڭىزنى توپلاپ، ئورىگىنال قەغىزىگە كۆچۈرۈڭ ياكى كومپيۇتېردا ئۇرۇپ بېسىپ چىقىرىڭ. ئاندىن، يېزىلغان ئادەملەر، ئىشلارغا ئاساسەن تۈرگە ئايرىڭ، ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتىغا ئاساسەن رەتكە تۇرغۇزسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئاندىن كېيىن، بىر پارچە «تۈزگۈچىدىن» سۆزنى يېزىپ توپلامنىڭ ئالدىغا قويۇڭ ھەمدە ئەسەرلەرنىڭ رەت تەرتىپى بويىچە مۇندەرىجە تۈزۈپ، «تۈزگۈچىدىن»نىڭ كەينىگە قويۇڭ. ئاخىرىدا، مەشىق ئەسەرلىرىڭىزنى تۈپلەپ توپلام قىلىڭ ھەمدە خاسلىققا ئىگە كىتاب نامىنى قويۇڭ. ئەگەر مۇمكىن بولسا، چىرايلىق مۇقاۋا ياسىسىڭىز، بەزى ئەسەرلەرگە رەسىم ۋە سۈرەتلەرنى سەپلىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، مەشىق ئەسەرلەر توپلىمىڭىز تېخىمۇ قالتىس بولۇپ كېتىدۇ.

# ئەسلەش ۋە كېڭەيتىش



## ئالاقە سەھنىسى

بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئوقۇش ۋە دەرستىن سىرتقى ئۆگىنىش ئارقىلىق، بىز ئىلمىي روھقا قارىتا بەزى كونكرېت تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇق. ئەمدى بىز ئىلمىي روھقا، مەسىلەن، پاكىتنى ھۆرمەت قىلىش، ئازراقمۇ بىپەرۋالىق قىلماسلىق، گۇمانلىنىشقا جۈرئەت قىلىش، ئۇزلۇكسىز يېڭىلىق يارىتىش... دېگەنلەرگە بولغان تونۇشىمىزنى ئۆز تىلىمىز بىلەن سۆزلەپ باقايلى. يەنە ئەمەلىيەتكە باغلاپ، ئۆزىمىزنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشى جەريانىدا ئىلمىي روھنى قانداق يېتىلدۈرىدىغانلىقىمىزنى سۆزلىسەكمۇ بولىدۇ.

6 ـ يىللىقتىكى ئۆگىنىش جەريانىدا، سىزدە ئەڭ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان نەرسە نېمە؟ بىز ئۆزىمىزنىڭ كىچىك خۇلاسىسى ئاساسىدا ھاسىلاتلىرىمىزنى ئالماشتۇرايلى. قايسى تىل ـ ئەدەبىيات بىلىملىرىنى ئۆگىنىۋالغانلىقىمىز، قايسى تىل ـ ئەدەبىيات قابىلىيەتلىرىنى ھازىرلىغانلىقىمىزنى، قايسى ياخشى ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىۋالغانلىقىمىزنى، قايسى ياخشى ئۆگىنىش ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرگەنلىكىمىزنى سۆزلىسەكمۇ بولىدۇ؛ تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىشى جەريانىدا، قانداق ھۇزۇر ئالغانلىقىمىز ۋە قانداق جاپا تارتقانلىقىمىزنى، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت، ھېسسىيات جەھەتتە قانداق چېنىققانلىقىمىزنى سۆزلىسەكمۇ بولىدۇ؛ يەنە ئۆزىمىزنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىشىگە باھا بېرىپ، كېيىنكى ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن ھازىرلىق قىلساقمۇ بولىدۇ.

ئالتىنچى بۆلەك

# ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش : ئۇنتۇلماس باشلانغۇچ مەكتەپ ھاياتى

پات يېقىندا گۈزەل مەكتىپىمىز بىلەن، ھەر كۈنى دېگۈدەك بىللە ئۆتكۈزگەن ئوقۇتقۇچى، ساۋاقداشلىرىمىز بىلەن خوشلىشىمىز، ئۇلاردىن ئايرىلىشقا قىيمىغان ھالدا ئوتتۇرا مەكتەپكە قەدەم قويۇپ، يېڭى ئوقۇش ھاياتىمىزنى باشلايمىز. ئوقۇش پۈتكۈزۈش ھارپىسىدا «ئۇنتۇلماس باشلانغۇچ مەكتەپ ھاياتى» دېگەن تېمىدا ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلىرىمىزغا، ئانا مەكتىپىمىزگە بولغان ئايرىلىش ھېسسىياتىمىزنى ئىزھار قىلايلى.



# ئۆسۈپ يېتىلىش ئىزنالىرى

## پائالىيەت تەكلىپى

تۆۋەندىكى پائالىيەت تەكلىپىگە ئاساسەن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى پىلانلىق قانات يايدۇرساق بولىدۇ. ئالتە يىللىق ئوقۇش ھاياتىمىزنى ئەسلەش ئاساسىدا تۈرلۈك تىل - ئەدەبىيات شەكىللىرى ئارقىلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىق مېھرىنى ۋە ساۋاقداشلىق مېھرىنى، شۇنداقلا ئانا مەكتەپكە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىمىزنى ئىپادىلەيلى ھەمدە ئۇلارنى قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا مەڭگۈ ساقلايلى.

◇ تۆۋەندە بېرىلگەن «ئوقۇش ماتېرىيالى» دىكى ئەسەرلەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، باشقىلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ تۇرمۇشىغا قاردىتا قانداق ئالاھىدە ھېسسىياتىنىڭ بارلىقىغا قاراپ باقايلى ۋە ئۇلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ تۇرمۇشىغا بولغان سېغىنىشىنى ھېس قىلىپ باقايلى.

◇ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇش ھاياتىڭىزدا قانداق ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلار بولغان؟ ئالبومىڭىزنى ۋاراقلىغىنىڭىزدا قايسى رەسىملەر باشلانغۇچ مەكتەپ ھاياتىڭىزدىكى قانداق ئەسلىمىلەرنى يادىڭىزغا كەلتۈردى؟ شۇلار ئىچىدىن سىزگە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئوقۇتقۇچى ياكى ئوقۇغۇچىلارنى، مەكتەپ قورۇسىدىكى سىزدە ئالا-



ھەدە تەسىرات قالدۇرغان نەرسىنى، ئۇنتۇلماس بىر سائەتلىك دەرس
ياكى بىر قىيىملىق پائالىيەتنى يېزىپ چىقىڭ.

◇ ئۆزىڭىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىڭىزدىكى ئىشلار تۇغ-
رىسىدا ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن ئەركىن پاراڭلىشىڭىز ياكى
ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن بىللە سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ «ئۆسۈپ يې-
تىلىش ئىزنالىرى» نى تاپسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، يېتىلىش خا-
تىرىسى ئارخىپى، تەقدىرنامىلەر، كوللېكتىپ پائالىيەت سۈرەتلە-
رى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى قاتارلىقلار. نەچچە يىللىق
ھايات مۇساپىمىزنى ھەقىقىي خاتىرىلەش ئۈچۈن، سىنىپىڭ خاتىرە
ئالبومىنى قانداق ئىشلەش، رەسىم ۋە يازما تونۇشتۇرۇشلارنى قانداق
بىرىكتۈرۈش ھەققىدە ياخشى مەسلىھەتلىشىۋالايلى.

ئوقۇش ماتېرىيالى

## 1 چىرايلىق خەت

ھەر قېتىم باشقىلار خېتىمغا قاراپ «خېتىڭىز ئەجەب چىرايلىق - كەن» دېگەندە، «نەدىكىنى» دەپ قويغىنىم بىلەن ئىچىمدە شۇنداق خۇش بولۇپ كېتىمەن ھەم باشلانغۇچ مەكتەپتىكى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچۇمنى يادىمغا ئالىمەن.

مۇئەللىم خەت يېزىشىمىزغا قاتتىق تەلەپ قوياتتى. تۇنجى سائەت - لىك «ئېلىپبە» دەرسى ئېسىمدە ھېلىمۇ شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا مۇئەللىم ئالدى بىلەن: «بۇ خەتلەر قانداقكەن» دەپ ئاق قەغەز - گە يېزىلغان بىرنەچچە بەت خەتنى كۆرسەتتى. خەتلەرنىڭ بەزىلىرى ھۆسنخەت بويىچە، بەزىلىرى ئادەتتىكى قەلەم بويىچە يېزىلغان بو - لۇپ، بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. ئۇ خەتلەرنى كۆرۈپلا ھەممىمىز : «پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق يېزىلغان!» دېيىشىپ كەتتۇق. «سىلەرمۇ مۇ - شۇنداق چىرايلىق خەت يېزىشنى ئارزۇ قىلامسىلەر؟» دەپ سورىدى مۇئەللىم. «ئارزۇ قىلىمىز !» دەپ ۋارقىرىدۇق ھەممىمىز. مۇئەللىم يەنە بىرنەچچە بەت خەتنى كۆرسەتتى. بۇ خەتلەر مايماق - سايماق، بەك سەت يېزىلغانىدى.

— بۇ خەتلەر قانداقكەن، خەتنى كۆرۈپ ھېس قىلغانلىرىڭلارنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، — دېدى مۇئەللىم سەت يېزىلغان خەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— بايىقى خەتلەرگە ئوخشاش چىرايلىق ئەمەسكەن.

— بەك سەت ھەم رەتسىزكەن.

— مېنىڭچە، بۇ خەتلەرنى يازغان ئادەم بىر ئىشقا ئانچە كۆڭۈل قويمايدىغان ئادەمدەك قىلىدۇ.

— بۇ خەتلەرنى يازغان ئادەم چوقۇم ھورۇن ئادەم.

www.uyghurkitap.com



— مېنىڭچە، بۇ خەتلەرنى يازغان ئادەمنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىمۇ رەتسىز بولۇشى مۇمكىن.

.....

خەتكە قاراپ ھېس قىلغانلىرىمىزنى بەس - بەستە ئوتتۇرىغا قويۇشتۇق.

— توغرا ئېيتتىڭلار، ئادەتتە خەتكە قاراپ ئادەمگە باھا بەرگىلى بولىدۇ، خەت يېزىش ئادەم بولۇشقا ئوخشايدۇ. ئەستايىدىل بولساق، ھۇرۇنلۇق قىلمىساق خەتنى چوقۇم چىرايلىق يازالايمىز. چىرايلىق يېزىلغان خېتىمىزنى كۆرگەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا بىزنىڭ ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان، تىرىشچان، رەتلىك ھالىتىمىز نامايان بولىدۇ، — دېدى مۇئەللىم چىرايلىق خەتلەرنى بىزگە قايتا كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

شۇ ۋاقىتتا باشقا ساۋاقداشلىرىم ئىچىدە نېمىلەرنى ئويلىغىنىنى بىلمەيمەن، لېكىن مەن چىرايلىق ۋە سەت خەتلەرنى سېلىشتۇرغاچ

ھەم مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاچ ھاياجان ئىچىدە: مەنمۇ چوقۇم چىرايلىق خەت يازىدىغان ئادەم بولىمەن، دېگەننى ئويلىدىم.

مۇئەللىم چىرايلىق يېزىلغان خەتلەرنى سىنىپىنىڭ يان تېمىغا چاپلاپ قويغاچ:

— سىلەر ئۆزۈڭلاردىكى تۆت گۆھەرنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

«تۆت گۆھەر؟» ھەممىمىز ھەيرانلىقتا بىر ـ بىرىمىزگە قاراشتۇق.

— شۇنداق، ھەربىر ئادەمدە تۆت گۆھەر بار، مۇنۇ قوشاققا دىققەت قىلىڭلار ئەمىسە، — دەپ قوشاقنى ئېيتىپ بەردى ھەم قىزىقارلىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ قويدى.

قولاق، كۆز، قول ھەم مېڭە،
ئادەمدىكى تۆت گۆھەر.
زېرىكمەستىن ئىشلەتسەڭ،
بولالايسەن ئەل سۆيەر.

— خەتنى چىرايلىق يېزىش ئۈچۈن ئاۋۋال ھەرپلەر بىلەن يېقىن دوست بولۇشىمىز كېرەك. «ئېلىپبە» باغچىسىدىكى ھەربىر ھەرپنىڭ ئۆزىگە خاس «چىرايى» بولىدۇ، ئۇلار بىلەن دوستلىشىش ئۈچۈن چو ـ قۇم ئۇلارنىڭ «چىرايى» نى ياخشى تونۇۋېلىشىمىز ھەم «تۆت گۆھەر» ىمىز بىلەن ئۇلارغا بولغان دوستلۇقىمىزنى ئىپادىلىشىمىز لازىم، — دېدى مۇئەللىم ئاخىرىدا.

شۇنداق قىلىپ ھەرپلەرنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتۇق. مۇئەل ـ لىم بەزىدە «يېڭى ھەرپ بىلەن دوستلىشىمىز، ‹تۆت گۆھەر› ىڭلارنى تەييار قىلدىڭلارمۇ؟» ، «بۇ دوستۇڭلارنىڭ ‹چىرايى› نى ئېسىڭلاردا تۇتۇۋالدىڭلارمۇ» ... دېگەنگە ئوخشاش قىزىقارلىق سۆزلەر ياكى ھەرپلەرگە ئائىت ھېكايە، تېپىشماق، سۆز ئويۇنى قاتارلىقلار بىلەن بىزنى ھەرپلەر بىلەن دوستلاشتۇراتتى. بەزىدە:

سەچۈك بىلەن ھەم تاق شاخ
بىللە كەلسە «؟» ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلسەڭ ئەگەر جان دوستۇم،
كۆپىنىڭ كۈچى كۆپ ئىكەن.

دېگەنگە ئوخشاش قوشاقلار بىلەن ھەرپلەرنىڭ «چىرايى» نى ئەستە تۇتۇۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرەتتى.

مۇئەللىمنىڭ بىزنى ھەرپلەر بىلەن ئەنە شۇنداق دوستلاشتۇرۇشى بىلەن «تۆت گۆھەر» نى ئايانماي ئىشلىتىپ تېزلا ساۋاتىمىز چىقتى. كېيىنكى يىللىقلاردىمۇ مۇئەللىم خەت يېزىشىمىزغا ئىنچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. 3 ـ يىللىققا چىققاندا ھۆسنخەت يېزىشنىمۇ ئۆگىتىپ قويدى. مۇئەللىمنىڭ خېتىمۇ بەك چىرايلىق ئىدى، مەيلى دوسكىغا يازغان خېتى بولسۇن، مەيلى تاپشۇرۇق دەپتەرلەرگە يازغان باھا سۆزلىرى بولسۇن، بىزگە ھامان ئۈلگە ئىدى.

مۇئەللىم يازغان خېتىمىزگىلا ئەمەس، يەنە خەت يازغان ۋاقىتتىكى ئولتۇرۇش ھالىتىمىز ۋە قەلەم تۇتۇش ئۇسۇلىمىزغىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى، دۇرۇس ئولتۇرۇش، قەلەمنى توغرا تۇتۇشنى ھەر ۋاقىت سەمىمىزگە سېلىپ تۇراتتى. ھەرقانداق ئىشقا خەت يېزىشقا ئوخشاش ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىزنى تەكىتلەيتتى. بىزگە دەرسكە كىرىدىغان باشقا ئوقۇتقۇچىلار «سىلەرنىڭ خېتىڭلار ئۆزۈڭلارغا ئوخشاش بەك چىرايلىق ھەم رەتلىك جۇمۇ» دەپ بىزدىن بەك سۆيۈنەتتى.

بىرنەرسە يازماقچى بولۇپ قولۇمغا قەلەمنى ئالغىنىمدا ياكى چىرايلىق يېزىلغان خەتلەرنى كۆرگىنىمدە، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى شۇ ئوقۇتقۇچۇم كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ ۋە «خەتنى چىرايلىق يېزىش ئەستايىدىللىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ ئىپادىسىلا بولۇپ قالماي، ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىنى ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭمۇ ئىپادىسىدۇر، يېزىقنى سۆيگەنلىك مىللەتنى سۆيگەنلىك» دېگەن سۆزى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايدۇ.

## 2 تۇغۇلغان كۈن سوۋغىسى

3 ـ يىللىققا چىققاندىن كېيىنكى تۇنجى سىنىپ يىغىنىدا سى ـ
نىپ مۇدىرىمىز ئايشەم مۇئەللىم كېيىنكى ھەپتىدىن باشلاپ سى ـ
نىپتىكى ھەربىر ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە بىر كۈن
سىنىپ باشلىقى بولۇپ ئىشلەشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنى ئاڭلاپ
ھەممىمىز قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتۇق. شۇ كۈنى ئۆيگە قايتىپلا كا ـ
لېندارغا قارىدىم، مەن نېمىدېگەن شور پېشانە ـ ھە، قارىمامدىغان
تۇغۇلغان كۈنۈم يەكشەنبە كۈنىكەن ئەمەسمۇ! بۇنداق توغرا كېلىپ
قېلىشقا بەكمۇ ئاچچىقىم كەلدى. سىنىپ ھەيئىتى بولۇشنى بۇرۇن ـ
دىن بەك ئارزۇ قىلاتتىم، لېكىن ھەر قېتىم سىنىپ ھەيئەتلىرى
سايلىمىدا ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىمغا ئۆزۈمنىڭ ئارزۇيۇمنى
ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. شۇڭا، مۇئەللىمنىڭ «ھەربىر ئوقۇ ـ
غۇچى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە بىر كۈن سىنىپ باشلىقى بولىدۇ»
دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندا، ئەمدى پۇرسەت كەلدى، دەپ تولىمۇ خۇشال
بولغانىدىم.

كۈنلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆتتۈۋەردى. تۇغۇلغان كۈنۈمدە سىنىپ باش ـ
لىقى بولۇش پۇرسىتى ماڭا بەرىبىر نېسىپ بولمايدىغان بولغاچقا، كۈن ـ
لەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئىشنى ئانچە ئويلاپمۇ كەتمەيدىغان بولدۇم.

تۇغۇلغان كۈنۈممۇ يېتىپ كەلدى، ئۇ كۈنى ئاتا ـ ئانام ۋە بىر ـ
قانچە دوستلىرىم بىلەن ئۆتكۈزدۇم. ئەتىسى ئەتىگەندە ئادەتتىكىدەك
مەكتەپكە باردىم. ئەتىگەنلىك كىتاب ئوقۇش ۋاقتىدا ئايشەم مۇئەللىم
كېپىنەك شەكىللىك چىرايلىق لېنتا چىگىلگەن ئاتكرىتكىنى كۆ ـ
تۈرگىنىچە تەبەسسۇم بىلەن سىنىپقا كىرىپ كەلدى. مۇئەللىم بىز
بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، خۇشخۇيلۇق بىلەن:

— ساۋاقداشلار، سىنىپىمىزدىكى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ تۇغۇلغان

كۈنى يەكشەنبە كۈنگە توغرا كېلىپ قالغاچقا، سىنىپىمىزنىڭ تۇ-
غۇلغان كۈن سوۋغىسىدىن بەھرىمەن بولالماي قالدى. بۈگۈن شۇ
سوۋغىنى تولۇقلاپ بەرسەك قانداق دەيسىلەر؟ — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپلا، مۇئەللىم مېنى دەۋاتامدۇ نېمە، دېگەن ئوي بى-
لەن تەڭ يۈرىكىم دۇپۇلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلار «بولىدۇ...،
ئەلۋەتتە، بولىدۇ... مۇئەللىم، ئۇ كىم؟» دېيىشىپ چۇرقىرىشىپ
كەتتى. مۇئەللىم بىگىز بارمىقىنى لېۋىگە ئاپىرىپ بالىلارنى تىنچ-
لىنىشقا ئىشارەت قىلىپ، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— دىلناز، تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، قېنى سوۋغى-
نى قوبۇل قىلىڭ، — دېدى ھەم تۇغۇلغان كۈن ناخشىسىنى ئېيتقاچ،
بېشى بىلەن مېنى ئالدىغا كېلىشكە ئىشارەت قىلدى. مۇئەللىمنىڭ
ناخشىسى بىلەن تەڭ ھەممە ئوقۇغۇچىلار ناخشىغا جور بولۇپ، ئورۇن-
لىرىدىن تۇرۇپ ماڭا قاراپ چاۋاك چېلىشقا باشلىدى. نېمە قىلىشىم-
نى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم، بۇرنۇمنىڭ ئۇچى «غۇژژىدە» ئېچىشىپ،
كۆزۈم نەملەشتى. پارتىدىشىمنىڭ قولتۇقۇمدىن يۆلەپ تارتىشى بىلەن
ئورنۇمدىن ئاستا تۇردۇم. ئۇنىڭغىچە مۇئەللىممۇ يېنىمغا كېلىپ



بولغانىدى. مۇئەللىم تۇغۇلغان كۈن ناخشىسىنى ئېيتقاچ، سىنىپ باشلىقلىق يەڭ بەلگىسىنى بىلىكىمگە تاقاپ قويدى ھەم «تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن» دەپ، لېنتا چىگىلگەن ئاتكرىتكىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، پېشانەمگە مېھىر بىلەن سۆيۈپ قويدى. نېمە دې-يىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم، «رەھمەت» دېگەن سۆزنى ئارانلا دېيەلى-دىم. ساۋاقداشلىرىمنىڭ ياڭراق ناخشا ساداسىدىن كېيىن، مۇئەل-لىم:

— ئەمىسە بۈگۈن ساۋاقدىشىڭلار دىلىناز ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، ھەممىڭلار دىلنازنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاڭلىق بويسۇنغايسىلەر، — دېدى ھەم ماڭا ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن قاراپ، — دىلىناز، سىنىپ سىزگە قالدى، — دېدى ـ دە، سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

پارتىدىشىمنىڭ زورلىشى بىلەن مۇئەللىم بەرگەن ئاتكرىتكىنى ئاۋايلاپ ئاچتىم. ئاتكرىتكىنىڭ بىر بېتىگە ھۆسنخەت بىلەن «دىل-ناز، تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن» دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئەتراپىغا گۈللەر سىزىلغانىدى؛ يەنە بىر بېتىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە «ئۆزىگە ئىشەنگەن ھەممىدىن كۈچلۈك» دېگەن سۆز يېزىلغان بولۇپ، تۆۋىنىگە بىر رەسىم چاپلاپ قويۇلغانىدى، رەسىمدە بىر مۈشۈك سىنئەينەككە قاراپ تۇراتتى، لېكىن ئەينەك يۈزىدە مۈشۈك ئەمەس، شىر تۇراتتى.

تا ھازىرغىچە، مۇئەللىمنىڭ ئاشۇ سوۋغىسىنى مەن ئېرىشكەن تۇ-غۇلغان كۈن سوۋغىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ قىممەتلىك سوۋغا دەپ بى-لىپ، كۆڭدىلىك خاتىرەمنىڭ قېتىدا ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. ھەر قې-تىم قىيىن مەسىلىگە يولۇققىنىمدا، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغىنىمدا، ئايشەم مۇئەللىمنىڭ ماڭا ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن قاراپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزى ھەم ئاشۇ تۇغۇلغان كۈن سوۋغىسىدىكى سۆز ۋە رەسىم كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ ـ دە، ۋۇجۇدۇم غەيرەتكە، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، ئىزچىل ئۆگىنىش ھەيئىتى بولۇپ

www.uyghurkitap.com

ئىشلىدىم، ئالىي مەكتەپتە سىنىپىنىڭ ئىتتىپاق شۇجىسى بولدۇم. مانا ھازىر ئارزۇيۇم بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. ھەربىر سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىمدە ئايشەم مۇئەللىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا ئۇلارغا توغۇلغان كۈن سوۋغىسى بېرىپ كېلىۋاتىمەن.

باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بولغان تەسىرى بەك زور بولىدىكەن!

شۇنداق، شۇ تاپتا مېنىڭ كۆز ئالدىمغىمۇ ماڭا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن ئوقۇتقۇچىلىرىم كېلىۋاتىدۇ.

## 3 ئەڭ قالتىس ئوقۇتقۇچى

يېقىندىن 5 ـ يىللىقنىڭ سىنىپ مۇدىرى بولغان تومسون خانىم ئوقۇغۇچىلىرى ئالدىدا يالغان گەپ قىلىپ سالدى. كۆپلىگەن ئوقۇت-قۇچىلار ئەنە شۇنداق، تۇنجى قېتىم ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا، ھەم-مىڭلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىمەن دەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئالايلۇق، تومسون خانىم بىرىنچى رەتتە ئولتۇرىدىغان تېد ئىسىملىك بالىنى پەقەتلا ياقتۇرمىدى. ئۇ بۇ بالىنىڭ بىر قىسما ئىكەنلىكىنى، باشقا بالىلار بىلەن ئەپ ئۆتمەيدىغانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ كىيىملىرى قاچانلا قا-رىسا قاسماق، ئەزەلدىن يۇيۇلمىغاندەك كۆرۈنەتتى؛ ئۇ يەنە دەرستىمۇ ناچار... ھەر قېتىم تومسون خانىمنىڭ نەزىرى ئۇنىڭغا چۈشۈپ قال-سىلا ئىختىيارسىز قوشۇمىسى تۈرۈلەتتى.

بىر كۈنى، مەكتەپ مۇدىرىغا سىنىپتىكى بالىلارنىڭ ئارخىپىنى ئوقۇپ بېرىشكە توغرا كەلگەندە، تومسون خانىم تېدنىڭ ئارخىپىنى چىقىرىپ ئەڭ ئاستىغا قويدى. ھالبۇكى، ئۇ ئاخىرىدا بۇ بالىنىڭ ئارخىپىغا يېزىلغان باھالارنى ئوقۇغىنىدا قاتتىق ھەيران قالدى.

1 ـ يىللىقنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مۇنداق يازغان: «تېد تاپشۇرۇقلارنى ئەستايىدىل، رەتلىك ئىشلەيدۇ، ئۇ ئەدەپلىك ... ھەمىشە باشقىلارغا خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ». 2 ـ يىللىقنىڭ ئوقۇتقۇچىسى: «تېد ئەلاچى ئوقۇغۇچى، بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. بىراق، ئۇ بەختسىز بولۇپ قالدى، ئاپىسىنىڭ كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا كې-لىپ قالدى، ئائىلە تۇرمۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ چوڭ سىناق»، 3 ـ يىللىقنىڭ ئوقۇتقۇچىسى: «ئاپىسىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولدى. گەرچە ئۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، دادىسى ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىدى. ئەگەر تەدبىر قوللىنىلمىسا، ئۇنىڭ

تۇگەشكىنى شۇ»، 4 ـ يىلىلىقنىڭ ئوقۇتقۇچىسى «تېد دەرسكە قىزىقمايدۇ، جىمغۇر، دوستى يوق، بەزىدە دەرس ۋاقتىدا ئۇخلايدۇ» دەپ يازغانىدى.

تومسون خانىم شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىدىن خىجىل بولدى. مىلاد بايرىمىدا، بالىلار ئوقۇتقۇچىسىغا ھەر خىل چىرايلىق، نەپىس سوۋغاتلارنى سوۋغا قىلدى. تېدمۇ سوۋغات ئېلىپ كەلدى، سوۋغات كونىراپ كەتكەن، ئىلگىرى يېمەكلىك ئورالغان قەغەزگە ئورالغانىدى. ئىلگىرى بولغان بولسا، تومسون خانىم بۇنى كۆرۈپلا چوقۇم قوشۇمىسىنى تۈرگەن بولاتتى. بىراق، شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى ئېغىپ كەتكەندەك بولدى.

تېدنىڭ سوۋغىتىنى ئېچىپلا ئۇنىڭ يۈرىكى مۇجۇلدى. ئىچىدىكىسى پۈچۈلۈپ كەتكەن سۇنئىي خرۇستال بىلەزۈك ۋە يېرىمىدىن ئازراق قالغان بىر قۇتا ئەتىر ئىدى. بالىلارنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىلىرى ئالدىدا، تومسون خانىم شۇئان بىلەزۈكنى تاقاپ، ھاياجان بىلەن: «نېمىدېگەن چىرايلىق!» دېدى. ئارقىدىن ئەتىرنىمۇ بېغىشىغا چاچتى. تومسون خانىمنىڭ ھەرىكىتىدىن بالىلارنىڭ كۈلكىلىرى بىردىنلا ئۈزۈلۈپ، سىنىپ ئىچى تىمتاسلىققا چۆمدى.

شۇ كۈنى دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، تېد خېلىغىچە سىنىپتىن ئايرىلمىدى. ئۇنىڭ تومسون خانىمغا دەيدىغان گېپى بار ئىدى. ئۇ : «مۇئەللىم، بۈگۈن سىزنىڭ ھەرىكىتىڭىز ئاپامغا ئوخشاپ كەتتى، ئۇ دائىم مەن سوۋغا قىلغان بۇ ئەتىرنى مۇشۇنداق پۈرايتتى» دېدى.

تېد كەتكەندىن كېيىن تومسون خانىم بىر سائەتكىچە يىغلىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ خىزمىتىگە يەنە بىر مەزمۇن قوشۇلدى. ئۇ بالىلارنى ئوخشىمىغان ئۇسۇل بىلەن رىغبەتلەندۈرەتتى ۋە يېتەكلەيتتى.

تومسون خانىم تېدقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. تېدمۇ خۇددى مۇ ـ

ئەللىمنىڭ يېنىدا بولسىلا تەپەككۇرى ئېچىلىپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلدى. تومسون خانىم قانچە رىغبەتلەندۈرگەنسېرى ئۇنىڭ ئىنكاسى شۇنچە تېزلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئوقۇش مەۋسۇمى ئاخىرلاشقاندا، تېدىسىنىپتىكى ئەڭ ئەلاچى باللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

بىر يىلدىن كېيىنكى بىر كۈنى، تومسون خانىم ئىشىكتە بىر پارچە خەت قىستۇرۇلغانلىقىنى كۆردى. بۇ تېد يازغان خەت ئىدى. خەتتە تېد: «سىز مەن يولۇقتۇرغان ئەڭ قالتىس ئوقۇتقۇچى» دەپ يازغانىدى.

ئالتە يىل ئۆتۈپ كەتتى. تومسون خانىم تېدنىڭ ئىككىنچى پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. خەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلىكىنى، سىنىپ بويىچە ئۈچىنچى بولغانلىقىنى يازغانىدى. ھەش - پەش دېگۈچە يەنە تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. تومسون خانىم تېد-نىڭ يەنە بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ خېتىدە، كۈنلىرىنىڭ جاپالىق ئۆتكەنلىكى، لېكىن جان - دىل بىلەن تىرىشىۋاتقانلىقى، ئاز كۈنگە قالماي ئىلغار ئوقۇغۇچى بولۇپ مەكتەپ پۈتكۈزىدىغانلىقىنى يازغانىدى. يەنە بىرقانچە يىل ئۆتۈپ، يەنە بىر پارچە خەت كەلدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئىسمىغا «مېدىتسىنا دوكتورى» دېگەن خەت قوشۇلغا-نىدى. گەرچە تېدنىڭ ھەربىر پارچە خېتىنىڭ مەزمۇنى ئوخشىمىسى-مۇ، بىراق ھەربىرىگە: «سىز مەن يولۇقتۇرغان ئەڭ قالتىس ئوقۇت-قۇچى» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى.

شۇ يىلى باھاردا، تومسون خانىم يەنە بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋال-دى. خەتتە تېد ئۆزىنىڭ بىر ياخشى قىز بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقى-نى، پات ئارىدا توي قىلماقچى بولغانلىقىنى، توي كۈنى تومسون خا-نىمنىڭ ئۆز ئاپىسى ئولتۇرۇشقا تېگىشلىك ئورۇندا ئولتۇرۇپ بېرە-لەيدىغان - بېرەلمەيدىغانلىقى سورالغانىدى. ئەلۋەتتە، تومسون خا-نىمنىڭ قوشۇلۇشىدا گەپ يوق ئىدى.

توي كۈنى، تومسون خانىم ھېلىقى پۇچۇلۇپ كەتكەن سۈنئىي

خرۇستال بىلەزۈكنى تاقىدى ۋە ھېلىقى ئەترىنى چاچتى. ئۇلار قۇ-
چاقلاشتى، تېد ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:
— رەھمەت، ماڭا ئىشەنگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت، تومسون خا-
نىم. ماڭا ئۆزۈمنىڭ مۇھىملىقىمنى، ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىمنى
تونۇتتىڭىز.
تومسون خانىم كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئۇنلۇك ئېيتتى:
— خاتالاشتىڭ تېد، ئەكسىچە سەن ماڭا ئۆزۈڭنىڭ مۇھىم ئادەم-
لىكىنى تونۇتتۇڭ. ساڭا يولۇقۇشتىن ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلىرىمنى
قانداق تەربىيىلەشنى تېخى بىلمەيتتىكەنمەن.
شۇ دەقىقىدە، ھەربىر ئادەمنىڭ يۈرىكىدە بۆلەكچىلا ئىللىق سې-
زىم پەيدا بولدى.



www.uyghurkitap.com

# 4 ئىككى نومۇر

نەچچە كۈندىن بۇيان ئەندىشە ئىچىدە ئۆتتۈم. ئاخىر چارەكلىك ئىمتىھان نەتىجىلىرىمۇ چىقتى، يەنىلا شۇ ماتېماتىكا نەتىجەم ... ھەي، مۇشۇ ماتېماتىكا دېگەننى كىممۇ تاپقان بولغىيدى، ماتېماتىكىدىن ئۆتەلمەيتىمەن، مۇشۇ پەندە لاياقەتلىك بولغان بولسام ھەممە پەندىن ئۆتكەنلەر قاتارىغا كىرەتتىم. 58 نومۇر ... پەقەت ئىككى نومۇرلا كەملەپتۇ.

مۇئەللىمگە يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ ھەم بىرمۇنچە ۋەدىلەرنى بېرىپ، مىنىڭ تەسلىكتە ئىككى نومۇرنى «ھەل قىلدىم».

ئۆيگە خۇشال قايتىپ كېلىپ، كۈندىلىك ئادىتىم بويىچە تېلېۋىزور كۆرۈشكە باشلىدىم. تېلېۋىزوردا خەۋەر قويۇلۇۋاتقانىكەن، خەۋەر كۆرۈشكە قىزىقمىساممۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قويۇلىدىغان قىزىق كىنونى ساقلاشقا مەجبۇر بولۇپ، ئېكرانغا قاراپ ئولتۇردۇم.

بىر خەۋەر ئاياغلىشىپ، يېڭى بىر خەۋەر بېرىلدى. ئېكراندا ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ نامايىش قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى كۆرسىتىلدى. «ئۇلار نېمىگە نامايىش قىلىۋاتقاندۇ؟» شۇنى ئويلاپ تۇرۇشۇمغا، دىكتورنىڭ بايانى باشلاندى. ئەسلىدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى نېگىر ئوقۇغۇچىلارغا ئېتىبار بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھان نەتىجىسىگە نومۇر قوشۇپ بېرىشنى بەلگىلەپتىكەن. لېكىن نېگىر ئوقۇغۇچىلار: «بىزمۇ ئاق تەنلىكلەرگە ئوخشاش ئادەم، بىزگە ئېتىبار بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ نامايىش قىپتۇ.

بۇ خەۋەرنى كۆرۈپ بولۇپ، ئىختىيارسىز چوڭقۇر ئويغا پاتتىم. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى نېگىر ئوقۇغۇچىلارغا ئېتىبار بېرىپ، ئىمتىھاندا نومۇر قوشۇپ بەرمەكچى بولغاندا، ئۇلار بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، نامايىش قىپتۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن، بۇ قانداق روھ ـ ھە؟!

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنى ئۆزۈم بىلەن سېلىشتۇرغانسېرى، ئۆزۈمنى ئەيىبلەش ھەم بىر خىل ھاياجانلىنىش ھېسسىياتى ۋۇجۇدۇمنى قاپلىۋالدى. كۆز ئالدىم ۋاللىدە يورۇغاندەك بولدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە مەكتەپكە بېرىپلا، مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، مۇئەللىمگە نومۇرۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈندۈم. مۇئەللىم ئەجەبلەنگەن ھالدا سەۋەبىنى سورىدى. مەن تېلېۋىزوردا كۆرگەن خەۋەرنى ۋە كېچىچە ئويلىغانلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم.

— يارايسەن، ئوغۇل بالا دېگەن شۇنداق بولۇشى كېرەك! — دېدى مۇئەللىم باش بارمىقىنى چىقىرىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا، — بولدى، ھېلىقى ئىككى نومۇر مۇشۇ ئىشىڭ ئۈچۈن بېرىلگەن مۇكاپاتىم بولسۇن.

مەن بۇ ئىككى نومۇرنى يەنىلا قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

— مۇنداق بولسۇن، بۇ ئىككى نومۇرنى مەن ھازىر ساڭا ئارىيەت بېرىپ تۇرغان بولاي، مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا قايتۇرۇپ بەرگىن، قانداق؟

مۇئەللىمنىڭ بۇ سۆزىگە ماقۇل بولدۇم ۋە ئىشخانىدىن خۇشال چىقىپ كەتتىم.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر قېتىم ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلغاندا، ھېلىقى خەۋەردىكى كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمغا كېلىدىغان، قۇلاق تۈۋىمدە مۇئەللىمنىڭ «بۇ ئىككى نومۇرنى ساڭا ئارىيەت بېرىپ تۇرغان بولاي، مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن» دېگەن سۆزى جاراڭلايدىغان بولدى.

## 5 ئالبوم ۋاراقلىغاندا

مەرزىيە بۈگۈن مەكتەپكە بارمىدى. تۈنۈگۈن 6 ـ يىللىقلارنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئىمتىھانى ئاياغلاشقانىدى، شۇڭا 6 ـ يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلار بىر كۈنلۈك ئارامغا قويۇپ بېرىلگەنىدى. ئۇ بۈگۈن قانغۇچە ئۇخلىۋالدى، ئورنىدىن تۇرغاندا، ئاتا ـ ئانىسى ئاللىقاچان خىزمەتكە كېتىپ بولغانىدى. ئۇ ئالدىرىماي ناشتا قىلىپ بولۇپ، نېمە قىلسام بولار دېگەندەك قىلىپ، ئۆيىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇيەرلىرىگە قارىدى. بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ياتاق ئۆيىگە كىرىپ ئىشكاپنى رەتلىمەكچى بولدى. كىتاب ئىشكاپىنىڭ تارتمىسىنى رەتلەۋېتىپ، قولىغا ئالبوم چىقىپ قالدى.

مەرزىيە ئالبومنى ۋاراقلاۋېتىپ، بىر سۈرەتكە قاراپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. سۈرەتتە مەرزىيەنىڭ يېنىدا تۇرغان ساۋاقدىشى مەرھابا بىر قولىنى مەرزىيەنىڭ بېشى ئۈستىگە كۆتۈرۈپ بىگىز بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى ئاچقىنىچە شوخ كۈلۈپ تۇراتتى. بۇ سۈرەت ئۇلار 2 ـ يىللىقتا ئوقۇۋاتقان چېغىدا مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن خۇش خەت مۇسابىقىسىنىڭ خاتىرىسى ئىدى. شۇ چاغدا مەرزىيە بىلەن دىلنۇر سىنىپقا ۋەكىل بولۇپ مۇسابىقىگە قاتناشقان، دىلنۇر بىرىنچى دەرىجىلىك، مەرزىيە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنىدى. دىلنۇر خەتنى ھەقىقەتەن چىرايلىق يازاتتى، ھەممە ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىڭ خېتىگە مەستلىكى كېلەتتى.

مەرزىيە ئالبومنى ۋاراقلىغاچ يەنە بىر سۈرەتكە ئۇزاققىچە تىكىلىپ قالدى. سۈرەتتىكىسى مەرزىيە بىرنەچچە ساۋاقداشلىرى بىلەن دراما ئويناۋاتقان ۋاقىتتىكى كۆرۈنۈش ئىدى. 5 ـ يىللىق ۋاقتىدا سىنىپتا كىچىك گۇرۇپپىلار بويىچە تېكىست درامىسى ئويناش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. مەرزىيە، غۇنچەم، غېنى، گۈلباھار تۆتى

www.uyghurkitap.com

بىر گۈرۈپپا بولدى. كېيىن سىنىپتا ئەڭ كەپسىز ھېسابلىنىدىغان
دولقۇننى ھېچقايسى گۇرۇپپا ئارىغا ئالمىدى، غۇنچەمنىڭ پىكرى بو-
يىچە مەرزىيەنىڭ گۇرۇپپىسىدىكىلەر مەسلىھەتلىشىپ دولقۇننى قو-
شۇۋالدى. گۈلباھار يېزىقچىلىقتا بەك قىزىقاتتى، تەسەۋۋۇرغا باي
ئىدى، تېكىستنى دىرامىغا ئۆزگەرتىپ يېزىش ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلدى.
گۈلباھار ئەسلىي تېكىستكە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇپ، دىرامىنى كۆ-
ڭۈلدىكىدەك يېزىپ چىقتى. غۇنچەم رېژىسسور بولۇپ، دىرامىنى رە-
پېتىس قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ سىنىپنىڭ ئۆگىنىش ھەي-
ئىتى بولۇپ، دائىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەر خىل پائالىيەتلەرنى
تەشكىللەپ، سىنىپنىڭ دەرستىن سىرتقى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ
تۇراتتى. مەرزىيەنىڭ كۆز ئالدىغا غۇنچەمنىڭ يېتەكچىلىكىدە دىرامى-
غا رەپېتىس قىلىغان ۋاقىتتىكى كۆرۈنۈشلەر بىر - بىرلەپ كېلىشكە
باشلىدى. غۇنچەم بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ رولىنى ئالسا، بىرتەرەپتىن
بىردەم غېنىغا: «غېنى، سەن بۇ سۆزنى قاپىقىڭنى سەل تۈرۈپ دې-
گىن» دېسە، بىردەم مەرزىيىگە: «ئاداش، كۆزۈڭگە ياش ئېلىشقا يەنە
تىرىشىپ باقە» دەيتتى. دولقۇننىڭ ياغاچچىلىقتىن خەۋىرى بار ئى-
كەن ئەمەسمۇ، ئۇ رەسىم سىزىشقا ئۇستا غېنى بىلەن بىرلىشىپ



سەھنىگە ئاددىي دې-
كوراتسىيىمۇ ئىشلەپ
چىقتى. باشقا گۇرۇپ-
پىدىكىلەر دېكوراتـ-
سىيە ئىشلەتمىگەنىد-
دى، دولقۇن بىلەن
غېنى ئىشلىگەن دې-
كوراتسىيە ئۇلارنىڭ
دىرامىسىغا ئالاھىدە
ھۆسن قوشۇپ، مۇسا-

بىقىدە يۇقىرى نومۇر ئېلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇلارنىڭ تەيى-
يارلىغان دىرامىسى كېيىن تېخى مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدە-
بىيات - سەنئەت پائالىيىتىدىمۇ ئورۇندالدى.

مەرزىيە قىزغىن ئالقىش سادالىرىغا كۆمۈلگەن ئاشۇ مىنۇتلاردى-
كى كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، ھاياجاندىن كۆزلىرى
نەملەشتى.

مەرزىيە ھاياجانلىق ھېسلار ئىچىدە سۈرەتلەرنى بىر - بىرلەپ
كۆرۈپ چىقتى، سۈرەتلەر بىلەن تەڭ كۆز ئالدىدىن ساۋاقداشلىرى،
ئالتە يىللىق مەكتەپ تۇرمۇشىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەر كىنو
لېنتىسىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتتى. مەرزىيە ئوتتۇرا مەكتەپكە چىق-
قاندا مۇشۇ ساۋاقداشلاردىن قايسىلىرىمىز يەنە بىر سىنىپتىكى
ساۋاقداشلاردىن بولالارمىز، مۇشۇ ساۋاقداشلار يەنە دائىم كۆرۈشۈپ
تۇرالارمىزمۇ، دېگەنلەرنى ئويلىغىنىدا كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، ئال-
بومنى ئىككى قوللاپ چىڭ تۇتقىنىچە باغرىغا چىڭ باستى.

سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىمىنىڭمۇ
ھەممىسىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بار،
مەنمۇ شۇلارنى يېزىپ باقاي.

ساۋاقداشلار بىلەن بىللە چۈشكەن
سۈرەتلەرنى يىغىپ، ئايرىم بىر ئالبومغا
ساقلاپ قوياي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئايرىلىش مىنۇتلىرى

## پائالىيەت تەكلىپى

ئوقۇش پۈتكۈزۈش ھارپىسىدا يەنە تۆۋەندىكى پائالىيەتلەردىن بەزىلىرىنى تاللاپ، ئۆگىنىشىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى تۇرمۇشىمىزنى يەنىمۇ بېيىتايلى.

- ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلارغا ئايرىلىش ئالدىدىكى چىن ھېسسىيات ۋە سەمىمىي تىلەكلىرىمىزنى بىلدۈرۈپ ھەدىيە سۆزى يېزىش.
- ئانا مەكتەپ ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بېرىش. مەسىلەن، مەلۇم بىر ئىش ھەققىدە تەشەببۇسنامە يېزىش. يەنى مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپ مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش، مەدەنىي مەكتەپ بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشقا سەپەرۋەر قىلىپ تەشەببۇسنامە يازساق بولىدۇ؛ مەكتەپتە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا مۇۋاپىق تەكلىپلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەكتەپ رەھبەرلىرىگە تەكلىپ خېتى يازساقمۇ بولىدۇ.
- ئوقۇش پۈتكۈزۈش سەنئەت كۆرىكىنى لايىھىلەپ، ئۇستازلارغا، ئانا مەكتەپكە بولغان ھېسسىياتىمىزنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەش. ئاۋۋال ئوقۇش پۈتكۈزۈش سەنئەت كۆرىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى بىر پۈتۈن لايىھىلىۋېلىپ، ئاندىن كونكرېت نومۇرلارنى لايىھىلىسەك بولىدۇ، يەنە رىياسەتچىلەرنىڭ سەھنە سۆزىنىمۇ ياخشى ئويلىشىۋالايلى. ئاندىن پىلان ھەم ئىش تەقسىماتى بويىچە ئەستايىدىل تەييارلىق قىلايلى.



## ئوقۇش ماتېرىيالى

# 1 سالام، مۇئەللىم

ئەسسالامۇئەلەيكۇم مۇئەللىم، ياخشىمۇسىز!

مەن سىز پراكتىكا قىلغان مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىڭىز رۇستەم بولىمەن

بۇرۇن مۇئەللىملىرىم «ھەي كېكەچ، سەن جاۋاب بەر»، «ھەي قاپاق، سېنى دەۋاتىمەن»، «بويى ئۆسمىگەن بوۋاي، سېنى چاقىرىۋاتىمەن» دېگەندەك ئاچچىق گەپلەر بىلەن غۇرۇرۇمغا تېگەتتى. ساۋاقداشلىرىمنىڭ پاراق - پاراق كۈلكىسى ۋە كۇسۇر - كۇسۇر پاراڭلىرى يۈرىكىمنى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشتۇرۇۋېتەتتى. خىجىللىقتىن يۈزۈم قىزىرىپ، ئاچچىقتىن يېرىلاي دەپ قالاتتىم، قۇشقا ئايلىنىپ سىنىپتىن ئۇچۇپ كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتىم.

مۇئەللىم، سىز مېنى ئاشۇ ئازابلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، ماڭا ئىشەنچ ئاتا قىلدىڭىز.

مۇئەللىم، بىزنىڭ سىنىپقا تۇنجى قېتىم دەرسكە كىرگەن چېغىڭىزدىكى ئىشلار ئېسىڭىزدىمۇ؟ نېمە ئۈچۈنكىن، ھەممەيلەن دەرسىڭىزنى شۇنداق دىققەت بىلەن ئاڭلىدۇق، سىزمۇ دەرسنى ئاجايىپ قىزىقارلىق، جانلىق ئۆتتىڭىز. دەرسنى سۆزلەپ كېلىۋېتىپ ئارىلىقتا بىر سوئال سورىدىڭىز، بىرنەچچە ئوقۇغۇچى «مۇئەللىم، مەن ...» دېيىشىپ قوللىرىنى كۆتۈردى. سىز ئۇلارغا مەمنۇنىيەت بىلەن بىر قۇر قاراپ قويغاندىن كېيىن، تىزىملىكنى قولىڭىزغا ئېلىپ: «رۇستەم، قېنى سىز جاۋاب بېرىپ بېقىڭە» دېيىشىڭىز بىلەن سىنىپتا «پاراققىدە» كۈلكە ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرغاچ، ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتقان باللارغا ئالايدىم - دە، بېشىمنى تۆ-

ۋەن سىلىپ جىم تۇردۇم. سىز سوئالنى تەكرارلىدىڭىز، مەندىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن، «باشقىلار جاۋاب بىرىپ باقسۇن ئەمىسە ـ ھە» دەپ مېنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدىڭىز. ئەمەلىيەتتە سىز سورىغان مەسىلىگە جاۋاب بىرەلەيتتىم، لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈلكىسى ماڭا ھار كەلگەچكە، سۆزلىگۈم كەلمىگەنىدى.

گىمناستىكا ۋاقتىدا سىز يېنىمغا كېلىپ:

— بايا دەرستە سورىغان سوئالغا سەن چوقۇم جاۋاب بىرەلەيتتىڭ، نېمىشقا جاۋاب بەرگۈڭ كەلمىدى؟ — دەپ سورىدىڭىز.

مەن گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋالدىم.

— ساۋاقداشلىرىڭنىڭ كۈلكىسىدىن ئاچچىقىڭ كېلىپ قالدى، شۇنداقمۇ؟ ئۇلار نېمىشقا كۈلىدۇ؟ مەن بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويدۇممۇ ـ يا؟ — دېدىڭىز بېشىمنى سىلاپ.

— مۇئەللىم، ئادەتتە ئوقۇتقۇچىلار مەندىن سوئال سورىمايدۇ، مەن دېگەن ناچار ئوقۇغۇچى، — دېدىم مەن ئاغزىمنى پۇرۇشتۇرۇپ.

— ناچار ئوقۇغۇچى؟ بۇ قانداق گەپ، كىم شۇنداق باھا بەردى؟

— ھەممە ئادەم شۇنداق دەيدۇ. مەن... مەن ئۆزۈممۇ شۇنداق قارايدىغان بولۇپ قالدىم.

شۇ ئارىلىقتا دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىنغاچقا، «كېيىن پاراڭلىشايلى» دەپ، مېنى سىنىپقا كىرگۈزۈۋەتتىڭىز.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن دەرستىن چۈشكەندە، سىز سىنىپ ئالدىدا تۇرۇپسىز، ئىشىكتىن چىقىشىمغا مېنى چاقىرىپ چەتكىرەك تارتىپ، قولۇمغا بىر كونۋېرتنى تۇتقۇزۇپ قويدىڭىز. «نېمە نەرسىدۇ؟» دېگەن ئوي بىلەن باللاردىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ، تېز ـ تېز مېڭىپ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقتىم ۋە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، يېنىمدا ھېچكىم يوقلۇقىنى كۆرۈپ، كونۋېرتنى ئاچتىم. كونۋېرتتىن بىر ۋاراق قەغەز چىقتى، ئۇنىڭغا چىرايلىق قىلىپ مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

بېتخوۋېن ئىسكىرىپكا چېلىشنى ئۆگىنىۋاتقىنىدا، ئوقۇتقۇچىسى ئۇنى كومپوزىتور بولۇشنىڭ خىلى ئەمەس دېگەنىدى.

«تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى دارۋىن ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىدا: «ھەممە ئوقۇتقۇچىلار مېنى ساپاسى يوق، ئەقىللىق دېگەن نامغا يېقىنمۇ كېلەلمەيدۇ، دەيتتى» دېگەن.

ئېدىسوننىڭ ئىنكاسى كىچىكىدە بەك ئاستا ئىدى، ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭدا ئۆگىنىش قابىلىيىتى يوق دەپ قارىغان.

ئېينىشتېين تۆت ياشقا كىرگەندە گەپ قىلىشنى ئۆگەنگەن بولۇپ، يەتتە يېشىدا ئاران ساۋاتى چىققان.

فىزىكا ئالىمى نيۇتوننىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى نەتىجىسى بەك ناچار ئىدى.

روسىيە يازغۇچىسى تولستوي ئالىي مەكتەپتىكى چېغىدا نەتىجىسى بەك تۆۋەن بولغاچقا، مەكتەپتىن چېكىندۈرۈلگەنىدى.

ئەنگلىيىنىڭ سابىق باش ۋەزىرى چېرچىل باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 6 ـ يىللىقىدا سىنىپتىن قالدۇرۇلغانىدى.

سەنئەتكار رودىن سەنئەت ئىنستىتۇتىغا ئۈچ قېتىم ئىمتىھان بېرىپمۇ ئۆتەلمىگەنىدى.

قەغەزگە قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتىم، ئاندىن ئاۋايلاپ قاتلاپ يانچۇقۇمغا سېلىپ، چوڭ قەدەملەر بىلەن ئۆيگە ماڭدىم. يولدا ماڭغىچە سىزنىڭ خېتىڭىز سېلىنغان يانچۇقۇمنى ئىچىدە خۇددى گۆھەر باردەك پات ـ پات سىلاپ قوياتتىم.

مۇئەللىم، ئاشۇ خەت ئېسىڭىزدىمۇ؟ تەقدىر بىزنى بۇرۇنراق ئۇچراشتۇرغان بولسا مەنمۇ ئەقلىمنى بۇرۇنراق تېپىۋالاتتىمكەن. ئاشۇ خەت ماڭا زور ئىلھام بولدى، ئاشۇ خەت ماڭا ئىشەنچ بېغىشلىدى، سىزنىڭ رىغبەتتىڭىز بىلەن ئۆزۈمنى قايتىدىن تېپىۋالدىم. رەھمەت، مۇئەللىم.

مۇئەللىم مەن يەنە نۇرغۇن سۆزلەرنى دېمەكچىدىم، سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئالماي. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىزنىڭ كېيىن يەنە نۇرغۇن پۇرسەتلىرىمىز بولىدۇ. شۇ تاپتا سىزگە «خوش» دېگۈم يوق. «خوش» دېسەم، سىز بىلەن مەڭگۈ كۆرۈشەلمەيدىغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قالىدىكەنمەن. مېنىڭ سىزگە مەڭگۈ سالام بېرىپ تۇرغۇم بار. سالام، مۇئەللىم .....

سىزگە ھەر ۋاقىت سالامەتلىك ھەم خۇشاللىق يار بولغاي!

ھۆرمەت بىلەن سىزنى سېغىنغان ئوقۇغۇچىڭىز: رۇستەم

6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى

ئالتە يىل جەريانىدا نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار مەندە ئۇنتۇلغۇسىز گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى ...

ئانا مەكتەپ ۋە ئۇستازلارغا ئېيتىدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىم بار، دېمەكچى بولغانلىرىمىنى مەنمۇ خەت ئارقىلىق ئىزھار قىلاي.

## 2 خەير - خوش، سۆيۈملۈك ئانا مەكتەپ

(ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قەدىرلىك ئۇستازلار، سۆيۈملۈك ساۋاقداشلار، ياخشىمۇ سىزلەر!

يىللار شامىلى يەلپۈنمەكتە، دەرەخلەر يوپۇرماق تاشلاپ، يەنە قايتا كۆكەرمەكتە. باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئالتە يىللىق ئوقۇش ھاياتىمىز كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى. شۇ تاپتا ئالتە يىل جەريانىدىكى كۆڭۈللۈك ئەسلىمىلەر كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە.

ئۇنتۇمايمەن، مۇئەللىم، ئۇنتۇمايمەن سىزنىڭ ئاشۇ مېھرىلىك كۆزلىرىڭىزنى، ئۇنتۇمايمەن ھەربىر ئىلھامبەخش سۆزلىرىڭىزنى! ھەرپ تونۇتۇشتىن باشلاپ، پۈتۈن - پۈتۈن ئەسەرلەرنى دېكلاماتسىيە قىلىشقىچە، ئاددىي بىر جۈملىنى يېزىشنى ئۆگىتىشتىن تارتىپ، نەچچە بەت ئەسەرلەرنى يېزىشنى ئۆگەتكۈچە بىزگە قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرگەنسىز - ھە؟! مۇئەللىم، مەكتەپكە يېڭى كىرگەن ۋاقتىمدىكى ھالىتىم ھازىرمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۇ چاغدا كېكەچلەپ تۇزۇك گەپ قىلالمايتتىم، ساۋاقداشلىرىم «بە، بە» دەپ تېرىكتۇرەتتى. ئۆزۈمنىڭ شۇ ھالىتىدىن بەك ئازابلىناتتىم، ئۆزۈمگە ئۆچلۈكۈم كېلەتتى، دائىم يوشۇرۇنچە يىغلايتتىم. ئاتا - ئانام نۇرغۇن دوختۇرلارغا كۆرسىتىپ داۋالاتقان بولسىمۇ، ھېچبىر ئۈنۈمى بولمىغانىدى. سىز مېنى ئاشۇ ئازابتىن خالاس قىلدىڭىز. بىر كۈنى دەرستىن چۈشكەندە مېنى ئىشخانىڭىزغا ئەكىرىپ، ماڭا بىر يېڭىلتماقنى ئېيتىپ بېرىپ، ئەتىسى راۋان يادلاپ كېلىشنى تاپىلىدىڭىز. شۇ كۈندىن باشلاپ ماڭا كۈندە بىر يېڭىلتماقنى ئېيتىپ بېرىپ تۇردىڭىز. سىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاشۇ مۇلايىم، ئۇمىدلىك، ئىشەنچكە تولغان كۆزىڭىزنىڭ ئىلھامى ۋە زېرىكمەي يېتەكلىشىڭىز بىلەن ئاخىر راۋان ھەم جاراڭلىق ئوقۇيالايدىغان، سۆزلىيەلەيدىغان بولدۇم. 2 - يىللىقتا تېخى دېكلاماتسىيە مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ يىللىقلار بويىچە بىرىنچى بولدۇم! ئاشۇ مۇسابىقىنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن، چۈنكى مەن ئېرىشكەن شەرەپتە سىزنىڭ نۇرغۇن ئەجرىڭىز بار ئەمەسمۇ!

ئۇنتۇمايمەن، ساۋاقداشلار، ئۇنتۇمايمەن بىللە بولغان ئاشۇ ھەر بىر مىنۇتلارنى، ئۇنتۇمايمەن ئارىمىزدىكى چىن دوستلۇق، چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەتنى! ئىلگىرى بىز بىرلىكتە بىلىم دېڭىزىدا ھەمنەپەس بولۇپ بىللە ئۆگەنگەندۇق، قىزغىن مۇنازىرىلەردە بولغاندۇق؛ مەكتەپ مەيدانىدا، دالا سەيلىلىرىدە قانغۇچە ئوينىغاندۇق، تۈرلۈك مۇسابىقىلەردە ھەمدەم بولۇشۇپ، بەيگىگە چۈشۈپ سىنىپىمىزغا شەرەپ قۇچقانىدۇق. مانا ئەمدى بىز ئايرىلىش ئالدىدا تۇرماقتىمىز، ھەممىمىزنىڭ قەلبى ئۆرتەنمەكتە. ھېلىمۇ ئېسىمدە، 4 - يىللىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئاغرىپ قېلىپ بالنىستتا يېتىپ قالدىم. ھەر كۈنى دەرستىن چۈشكەندە، نۆۋەت بىلەن دوختۇرخانىغا كېلىپ ماڭا ھەمراھ بولدۇڭلار. مەكتەپكە بىر ئاي بارالمىغان بولساممۇ، سىلەر ئارقىلىق ھەربىر سائەتلىك دەرسنى ئاڭلاپ تۇردۇم، ھەر قېتىملىق تاپشۇرۇقنى كەم قالدۇرمىدىم. بۇ خىل قېرىنداشلارچە ساۋاقداشلىق مېھرىنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي؟

ئۇنتۇمايمەن، ئانا مەكتىپىم، ئۇنتۇمايمەن سېنىڭ قوينۇڭدا ئۆتكۈزگەن ئالتە يىللىق كۆڭۈللۈك ھاياتنى، ئۇنتۇمايمەن سېنىڭ باغرىڭدىكى ھەربىر تۇپ گىياھ، ھەربىر بۇلۇڭنى. سېنىڭ قوينۇڭدا بىلمىگەننى بىلدۇق؛ گۆدەك ئىدۇق، پىشىپ يېتىلدۇق؛ جۈرئەتسىز ئىدۇق، دادىل بولدۇق؛ ئۆزىمىزنى باشقۇرالمايتتۇق، ئادەم بولۇشنى ئۆگەندۇق. مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمىزدا سەندىن چوڭقۇر پەخىرلەنمەكتىمىز. شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، ئەتىكى ئۇتۇقىمىز بىلەن ساڭا

شەرەپ يوللايمىز.

خەير ـ خوش، بىزنى ئەقىلنىڭ پۈتمەس بۇلىقىغا، بىلىمنىڭ سۇنماس يەلكىنىگە، ھاياتنىڭ نۇرلۇق ماياكىغا ئېرىشتۈرگەن قەدىردان ئۇستازلار، سىلەرنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەتلىك تەلىمىڭلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز.

خەير ـ خوش، سۆيۈملۈك ساۋاقداشلار، دوستلۇق ئۇرۇقى قەلبىمىزدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقاي، ساۋاقداشلىق رىشتى تېخىمۇ چىڭ باغلانغاي!

بىزمۇ مۇشۇنداق نۇتۇق سۆزلەش ئارقىلىق ئانا مەكتىپىمىز بىلەن خوشلىشايلى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 3 مەكتەپ مۇدىرىغا تەكلىپ

ھۆرمەتلىك مەكتەپ مۇدىرى:

بۇ مەكتەپتىكى ئالتە يىللىق ئوقۇش ھاياتىمىز ئاخىرلىشاي دەپ قالدى، ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇرغان بىر ئوقۇغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئانا مەكتەپكە بولغان مۇھەببىتىمنى ئىپادىلەش ھەم كېيىنكى ئوقۇغۇچى ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەكتەپكە بولغان قىزغىنلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، سىزگە مۇنداق بىر تەكلىپ بېرىشنى ئويلاپ قالدىم.

مەن مەكتەپ كۇتۇپخانىسىنىڭ قايتىدىن ئېچىۋېتىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. كىتاب — ئەقىل بۇلىقى، كىتاب بولغاندا، ئوقۇغۇچىلار قېزىپ تۈگەتكىلى، ئىشلىتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بىلىم خەزىنىسىگە ئىگە بولىدۇ. كۇتۇپخانا بولغاندا، بىز تېخىمۇ كۆپ مەنىۋى بايلىققا ئېرىشەلەيمىز.

ئالدىنقى يىلى مەكتەپ كۇتۇپخانىسى مەلۇم سەۋەب بىلەن كۆپ ۋاستىلىك سىنىپقا ئۆزگەرتىلىپ، كۇتۇپخانىدىكى ماتېرىياللار بىر كىچىك ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىز مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىكى كىتابلاردىن بەھرىلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇق. مەن مەكتەپ كۇتۇپخانىسىنىڭ قايتىدىن ئېچىۋېتىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. كۇتۇپخانىنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، مەن مۇنداق كونكرېت چارىلەرنىمۇ ئويلاپ قويدۇم:

1. كىتاب قويۇلغان ئۆينى پاكىز تازىلاپ ۋە رەتلەپ، بىر نەچچە ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب كۆرۈشى ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇش.

2. كىتاب ئارىيەت ئېلىش كارتىسى ياساپ، كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى خوجىلىق بۆلۈمدىن كىتاب ئارىيەت

ئېلىش كارتىسى بېجىرىشكە ئورۇنلاشتۇرۇش. بىر كارتا بىر مەۋسۇم ئىشلىتىلسە، ئوقۇغۇچىلار كارتا ئارقىلىق كىتاب ئارىيەت ئالسا بولىدۇ.

3. بىر قىسىم مۇزاكىرە دەرسلىرىنى كۇتۇپخانىدا كىتاب كۆرۈدىغانغا ئۆزگەرتىش. بۇنداق بولغاندا، ئوقۇغۇچىلار كىتاب كۆرۈش ئۈچۈن خېلى يېتەرلىك ۋاقىتقا ئىگە بولالايدۇ.

4. كۇتۇپخانىغا بىر ئوقۇتقۇچىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ئارىيەت ئېلىشى ۋە كۇتۇپخانا تەرتىپىنى ساقلاشقا مەسئۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب كۆرۈشكە ئېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلىش. ۋاقتىنچە كىتاب ئارىيەت ئېلىش كارتىسىنى بېجىرمىگەن ئوقۇغۇچىلار كىتاب ئارىيەت ئالماقچى بولسا، سىنىپ مۇدىرى ئارىيەت ئېلىپ بەرسە بولىدۇ.

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ يۇقىرىقى تەكلىپىمنى ئويلىشىپ قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تەكلىپ بەرگۈچى: 6 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپتىن
ئەلقۇت ئەزىز






ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 4 ساۋاقداشلار ناخشىسى

بىر بوستاننىڭ قۇشلىرى ئىدۇق،
يۈرەكتىكى ئارمانلار ئوخشاش.
ئەلنىڭ شېرىن چۈشلىرى ئىدۇق،
ھەۋەس بىلەن باقاتتى قۇياش.

ئۆتكەنىدۇق ھەمنەپەس، بىللە
ئايرىلىشنى كەلتۈرمەي ئەسكە.
ئەمدى قانداق ئۆتەر بۇ كۈنلەر،
ئاھ، خوشلىشىش چۈشتىغۇ تەسكە.

يىللار قوشۇپ، يىللار ئايرىدى،
ئايرىلىشقا چىدا ساۋاقداش.
قانمايدىغان كۆڭلۈم بار ئىدى.
كەل جىگىرىم ئېيتەي بىر باغاش.

روھىمىزدا بىللە ياشايلى،
كۆرۈشكىچە بولغىن سالامەت.
مۇشكۈللەردە داۋان ئاشايلى،
ھەممىمىزگە يار بولسۇن ئامەت.

---

① بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى ۋاھىتجان ئوسمان.

## 5 ئوقۇش پۈتكۈزۈش ھەدىيە سۆزلىرى

### ئۇستازلارغا:

ئاتا ـ ئانامدىن باشقا قەلبىمدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئادەم — سىز؛ نەزىرىمدىكى ئەڭ قالتىس ئادەممۇ يەنىلا سىز؛ كەلگۈسىدە ئوقۇتقۇچى بولۇشنى، سىزگە ئوخشاش مېھرىبان ئوقۇتقۇچى بولۇشنى بەك ئارزۇ قىلىمەن.

باھار يامغۇرى دۇنيانى يېشىللاشتۇردى، لېكىن ئۆزى تۇپراققا ئۇن ـ تىنسىز سىڭىپ كەتتى. مۇئەللىم، سىز قەلب ئېتىزىمىزنىڭ باھار يامغۇرى، سىزگە مەڭگۈ رەھمەت ئېيتىمىز.

سىم ـ سىم يامغۇر، لەپ ـ لەپ قار،  
گۇر ـ گۇر بوران، ئىسسىقتا،  
بىر مۇئەللىم جاپاكەش  
چاڭ ـ توزاندا سىنىپتا ...

مۇئەللىم، سىزنىڭ نۇرانە سىيمايىڭىز ھەمىشە بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا.

### ساۋاقداشلارغا:

بىز ئىلگىرى يانمۇيان ئۆسكەن ئىككى تۈپ كۆچەت ئىدۇق، كۆچەتلەر شېخى گىرەلىشىپ كەتكەي؛ بىز ئىلگىرى ئاۋازى ساز دۇتارنىڭ ئىككى تارىسى ئىدۇق، ياڭراق كۈيلەر ئۈزۈلمىگەي؛ بىز ئىلگىرى پارتىداش ساۋاقداشلاردىن ئىدۇق، ساۋاقداشلىق رىشتى تېخىمۇ چىڭ باغلانغاي.

ماگا بەرگەن قىممەتلىك سوۋغىتىڭنى — چىن ۋە سەمىمىي دوستلۇقىمىزنى قەلبىمدە ئەبەدىي ساقلايمەن.

سېنى ئويلىسامىلا «ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى، مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى. كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق، سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى» دېگەن مىسرالار كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ساڭا ئوخشاش دوستۇمنىڭ بولغىنىدىن پەخىرلىنىمەن.

# سۆزلەرگە ئىزاھات

## ئا

**ئانالىز** ــ ① تەكشۇرۇش ئوبيېكتىنى تۈرلەرگە ئايرىپ تەتقىق قى‐لىش ئۇسۇلى، تەھلىل، ھەر تەرەپلىمە تەھلىل، چوڭقۇر تەكشۇرۇش؛ ② ماددىنىڭ تەركىبىنى ئېنىقلاش.

**ئاكادېمىيە** ــ دائىرىسى نىسبەتەن چوڭ بولغان، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورگان.

**ئاكتىپ** ــ ① ھەرىكەتچان، ئىلغار، ئىجابىي؛ ② پائال قىزغىن ③ بىرەر تەشكىلات ياكى كوللېكتىپنىڭ ئىلغار، تەشەب‐بۇسكار ئەزاسى.

## ئە

**ئەنئەنىۋى** ــ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئەنئەنە بويىچە داۋاملىشىپ كەلگەن، ئەنئەنە بولۇپ قالغان، ئەنئەنىگە ئايلانغان.

## ب

**بىھۇدە** ــ ① پايدىسىز، مەنپەئەتسىز، بىكار؛ ② ئورۇنسىز، ناھەق؛ ③ مەززىسىز، كېلىشمىگەن، ئاساسسىز.

## پ

**پاپاخ** ــ مويى، تۈكى سىرتىغا تىكىلگەن ئۇزۇنچاق تەلپەك.

**پاسسىپ** ــ ① بىرەر ئىش ‐ ھەرىكەتكە ئېتىبارسىز قارايدىغان، سۇس قىزىقمايدىغان؛ ② توغرا بولمىغان، ناتوغرا، نا‐چار، سەلبىي.

**پولونىي** ــ رادىئوئاكتىپ مېتال، ئېلېمېنت بەلگىسى Po(Polonium)

**پىيما** ــ قوي يۇڭىدىن بېسىپ تەييارلىنىدىغان قونچلۇق ئاياغ كى‐يىمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ت

**تاز** ــ بېشى تەمرەتكە بىلەن جاراھەتلىنىپ چاچ چىقمىغان باش.

**تېئورېما** ــ توغرىلىقى ئىسپاتلانغان، پرىنسىپ ياكى قانۇنىيەت ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ھۆكۈم ياكى فورمۇلا.

**تەۋەككۇلچى** ــ كۆپ ئويلانمايلا تەۋەككۇلگە ئىش قىلغۇچى.

**تەستىق** ــ ① قارار قىلىپ قول قويۇش ياكى تامغا بېسىپ قانۇنىي كۈچكە ئىگە قىلىش؛ ② بىرەر نەرسىنىڭ توغرىلىقى، ھەقلىقى، راستلىقىنى دەلىللەپ بېرىدىغان پاكىت، ئىسپات، ماقۇللۇق.

ج

**جەسۇرانە** ــ قورقماستىن، جەسۇرلۇق بىلەن، مەردلەرچە،

**جازىبىلىك** ــ باشقىلارنىڭ مەيلىنى (كۆڭلىنى) ئۆزىگە تارتقۇچى.

چ

**چال** ــ ياشانغان ئەر كىشى؛ بوۋاي، مويسىپىت.

**چوقۇنماسلىق** ــ ئېتىقاد قىلماسلىق، ئىشەنمەسلىك.

خ

**خالىي** ــ ① ئىچى ئادەم ۋە نەرسىلەر بىلەن بەند بولمىغان، بوش، بىكار. ② كىشى نەزىرىدىن، كۆزىدىن يىراق، چەت، خىلۋەت ③ ھېچكىم يوق، يالغۇز، ④ ھېچكىم يوق جاي

**خاقان** ــ ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي خەلقلىرىدىكى بۈيۈك دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئۇنۋانى ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغان ئەڭ يۇقىرى ھوقۇقتا ئىگە شەخس.

**خىرىس** ــ بىراۋغا قەستەن ياكى كۈچلۈك ئۆچلۈك بىلەن قىلىنغان ھەيۋە، چېقىلىش.

د

**دەۋەت** ــ بىرەر ئىش، ئەقىدە، يول، مەسلەك قاتارلىقلارغا جەلپ قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان تەكلىپ، چاقىرىق، ئۈندەش.

**دار** — ① ئات ـ ئۇلاغلارنى تاقىلاش ۋاقتىدا ئېسىش ئۈچۈن ئىشلە-تىلىدىغان، ئىككى تۇۋرۇك ئۈستىگە مىخلاپ ياسالغان قۇرۇل-ما؛ ② ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان كىشىنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ياسالغان قۇرۇلما؛ ③ داۋازلار ماھارەت كۆرسىتىدىغان قۇرۇل-ما.

**دەۋران** — دەۋرلەر، دەۋر، زامان.

**دەخلى** — ① ئارىلىشىش، مۇناسىۋەت، ئالاقە؛ ② توسقۇن، ھالاكەت، كاشىلا، تەسىر.

## ر

**رەددىيە** — ① بىرەر خەۋەر، مەلۇمات ۋە شۇنىڭدەكلەرنى رەت قىلى-دىغان، ئىنكار قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ناتوغرىلىقىنى ياكى ئاساسسىزلىقىنى ئىپادىلەيدىغان جاۋاب؛ ② تەپەككۇر شەكلىنىڭ بىرى.

**رادىي** — رادىئوئاكتىپ مېتال ئېلېمېنت.

**رادىئوئاكتىپلىق** — بەزى ئېلېمېنتلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئاتوم ياد-روسىدىكى ماددىلارنى رادىئاتسىيىلەپ يىمى-رىلىش ئارقىلىق باشقا ئېلېمېنتلارغا ئايلى-نىش خۇسۇسىيىتى.

**رازۋېدكا** — دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەش ۋە قانۇنغا خىلاپ ھەرد-كەتلەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرد-كەت.

**رەھىمسىز** — ① رەھمى يوق، كىشىگە رەھىم قىلمايدىغان، شەپ-قەتسىز، رەھىمسىز ئادەم؛ ② رەھىم قىلماي، رە-ھىمسىزلەرچە.

## ژ

**ژاندارما** — ساقچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

س

**سۇباتلىق** ــ قەيسەر، چىدامىلىق، ئىرادىلىك، شىجائەتلىك.

ش

**شىللە** ــ جانلىقلار تېنىنىڭ باش بىلەن ئومۇرتقا سۆڭىكىنى تۇ-
تاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئورۇن؛ بويۇن، گەدەن.

غ

**غېرىبسىنىش** ــ غېرىبلىق ھېس قىلىش.

ق

**قاباھەتلىك** ــ ناھايىتى كۆرۈمسىز، بەك سەت، قەبىھ، قورقۇنچ-
لۇق.

ك

**كارغا ياراش** ــ ئىش- ھەرىكەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش.

**ماچتا** ــ يەلكەنلىك كېمىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا قادالغان خادا.

**كوپىيە** ــ ئەسەر ياكى يازما ماتېرىياللارنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى.

ل

**لىرىكا** ــ ① شائىر، يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردە بايان قىل-
غان سۇبيېكتىپ تەسىراتى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتى؛
② شۇ خىل ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەر يىغىن-
دىسى.

**لابوراتورىيە** ــ دوختۇرخانا، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە مەكتەپ
قاتارلىقلاردىكى تەجرىبە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۆي.

م

**مۇنقەرز** ــ باشقىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان، باشقىلارنىڭ ھۆ-
كۈمرانلىقىدا ياشايدىغان، مۇستەقىللىقى يوقالغان، بې-
قىندى، يوقالغان، تۈگىگەن.

**مىسكىن** ــ ① يوقسۇزلۇق، غەم- ئەندىشە تۈپەيلىدىن روھىي ھا-

لىتى چۈشكۈنلەشكەن. غەمكىن، سولغۇن ② كەمبە-
غەللىك، يوقسۇزلۇقتىن ئېغىر ئەھۋالغا قالغان.

**مىسران** — ① ئىككى شەھەر ② بىر خىل قىلىچ.

**مەستلىكى** — ① مەست بولغان ھالەت، مەستچىلىك ② ئامراق-
لىق، ھەۋەس، قىزىقىش.

**مەنىۋى** — كىشىنىڭ ئىچكى، روھىي ھاياتىغا ئائىت؛ روھىي.

**مىلىتارىست** — مىلىتارىزم تەرەپدارى، مىلىتارىزم سىياسىتىنى
يۈرگۈزگۈچى.

### ن

**نامايىش** — ① ئەمەلدە كۆرسىتىش، نامايان قىلىش، ئىپادىلەش،
گەۋدىلەندۈرۈش ② كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بىرەر پا-
ئالىيەتنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن توپ-توپ
بولۇپ كوچىغا چىقىپ كوچمۇ كوچا ئايلىنىپ مې-
ڭىش.

### ۋ

**ۋەزىيەت** — مەۋجۇت بولغان ياكى بىرەر پەيتتە پەيدا بولغان شەرت-
شارائىت، ئەھۋال.

### ئې

**ئېتىراز** — بىرەر نەرسە، ئىش-ھەرىكەت قاتارلىقلارغا بولغان
نارازىلىق، قارشىلىق.

**ئېتىبار** — ① بىرەر نەرسىگە قارىتىلغان دىققەت، نەزەر، پەرۋا؛
② نەزەرگە ئېلىش ③ قەدىر-قىممەت، ئىززەت.

**ئېلېمېنت** — ① خىمىيۋى ئېلېمېنت؛ ② ئالگېبرادا بىرلەشمە-
نى تەشكىل قىلغۇچى ھەرقايسى بۆلەكلەر ③ بىر
پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغۇچى مۇرەككەپ نەرسە-
لەرنىڭ ياكى ھادىسىلەرنىڭ تەركىبىي قىسمى.

## ئى

**ئىزنا** ــ ① ئادەم ۋە نەرسىنىڭ دەسسىگەن ياكى تەگكەن ئىزى، بەلـ-
گە؛ ② قالدۇق ئىز؛ ③ رەسىم ياكى جىسىمنىڭ سىرتقى
گىرۋەكلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى سىزىق، ئومۇمىي كۆ-
رۈنۈش؛ ④ تاش ئويما، مىس قورال قاتارلىق مەدەنىيەت يا-
دىكارلىقلىرىنىڭ شەكلى ۋە ئۇستىدىكى رەسىم.

**ئىتائەتچان** ــ ئىتائەت قىلىدىغان، بويسۇنىدىغان، ئىتائەتكار.

**ئىشتىراك** ــ بىرەر ئىش - ھەرىكەت، ۋەقە ياكى توي مۇراسىم،
مەجلىس، يىغىن قاتارلىقلارغا بېرىش، قاتنىشىش،
داخىل بولۇش.

**ئىستېدات** ــ ئىجادىي قابىلىيەت؛ لاياقەت؛ تالانت.

**ئىجادىيەت** ــ ① ئىجادىي ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پائالىـ-
يەت؛ ② بىرەر ژانىر ياكى شەخسكە مەنسۇپ ئەسەر-
لەر يىغىندىسى.